مەملىكەت بويىچە 100 [illegible] ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سىيرىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تورىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# ميراس

# MIRAS

# 美拉斯

MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE



3
2008

ISSN 1004-3829
06>
9 771004 382027



شادىمان قىزلار




قوش ئايلىق ژۇرنال 2008 - يىل 3 - سان

(ئومۇمىي 107 - سان)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

«چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدىكى ئالىمنىڭ سىرى...............
.............. ياسىن مۇھەممەدنىياز تېكە (1)
ئۇيغۇرلاردا ئات قويۇش.............. ئىمىن تۇرسۇن (22)
تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى «نورۇز» بايرىمىنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە
قىممىتى.............................. ئاينۇرە دولات (37)

## ئادەت قېرىماس

«يامان بولدۇ»دىن تۇغۇلغان ئويلار.................. ئەركىن سابىر (16)
ئۇيغۇرلاردا بالىغا ئىسىم قويۇشتا تىلەك تىلەش ئادىتى ...............
........................ ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (43)
ئۇيغۇرلاردا ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى ........ ئابدۇقېييۇم مىجىت (44)
تاشنى ئۇلۇغلاش ئادىتىنىڭ ئىلى رايونىدىكى ئىزنالىرى...............
...................... كامىلە ئابدىمۇلۇك (48)

## ھېكمەتلەر خەزىنىسى

لوقمان ھېكىمنىڭ ئۈگۈتلىرى..توپلىغۇچى: پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇتى (24)

## مەنىۋىيەت يۇلتۇزلىرى

ئىلىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن چاقچاقچىلار...............
...................... ئابدۇرۇسۇل سېيىت (26)



باش مۇھەررىر:
**يۇسۇپ ئىسھاق**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
مۇھەررىرلەر:
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**
**نۇرنىسا باقى**
**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**تۈزگۈچى:** «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: ( 0991) 4554017
Fax: ( 0991) 4554015
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65- 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 _ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E - mail: mirasuyghur @ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 5.00 يۈەن
تاق ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

## ئاداش ـ ئاداش بولايلى

ئۇيغۇر بالىلار ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولى..........................
.......................................... مېھرىگۈل قادىر (51)

## كۆلكە ـ جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار.................................. ئەزىزە تۇيغۇن تەرجىمىسى (55)

## چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

كۆنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى ...تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن (57)
ئەينى يىللاردا ئۇيغۇرلاردا كىتابپۇرۇشلۇق ..............................
.......................................... زۇلھايات ئۆتكۈر تەرجىمىسى (73)

## شەيتان بەت

ھەجۋىي رەسىملەر.................................................... (78)

مۇقاۋىدا: رابىيە ـ سەئىدىن          غازى ئەمەت سىزغان
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەزىزە تۇيغۇن
كوررېكتورى: ھاۋاخان ئارىپ
2 ـ، 3 ـ، 4 ـ بەت مۇقاۋىدىكى سۈرەتلەرنى ئابلىز ئابدۇللا تارتقان.
ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى مۇختار مۇھەممەد، ماخمۇت مۇھەممەد، ئۆركەش جاپپار قاتارلىقلار تەمىنلىگەن.
بەت ئاستىدىكى ماقال ـ تەمسىللەرنى مەۋجۇدە ئابدۇخېلىل تەمىنلىگەن.

Chief editor: Yusup Is'haq
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin
Nurnisa Baki


**«1 ـ ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!**

# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园

主编:
**玉素甫·依莎克**
副主编:
**穆合塔尔·穆罕默德**
编辑:
**胡尔仙阿依·买买提明**
**努尔尼沙·巴克**

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联14层)
电话:(0991)4554017
传真:(0991)4554015
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号: CN65—1130/I 国外统一刊号: ISSN1004—3829 邮政代号:58—60
E-mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
广告许可证号:6500006000040
邮编:830001
定价:5.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716# 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner: Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65-1130/I
Print number abroad: ISSN1004-3829
PostCode: 58 - 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Fax: (0991) 4554015
Price: 5¥



# چىن تۆمۈر باتۇر چۆچەكلىرىدىكى ئالەمشۇمۇل سىرى

ياسىن مۇھەممەد نىياز تېكە



بىزدىن ئىنتايىن يىراقتا قالغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ قانچىلىك ئاددىي، قانچىلىك رەڭسىز، قانچىلىك يېگانە ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭ قانچىلىك جانلىق، قانچىلىك سىرلىق ۋە قانچىلىك جەڭگىۋار ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا قابىل ئەمەسمىز. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاشۇ يىراق زامانلاردا ئاڭسىز ياكى ئاڭلىق ھالدا ئىجاد قىلغان ئەزەلىي (ئىپتىدائىي) مەدەنىيىتى، يېزىقنىڭ ئىجاد قىلىنىشى، تىلنىڭ داۋاملىق ئۆزگىرىشى، ئاسسىمىلياتسىيە ۋە دىسسىمىلياتسىيە جەريانى، تارىخنىڭ قانلىق شاماللىرى سەۋەبىدىن قويۇق ئۆرپ-ئادەت خاراكتېرىدە سۇسلىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. ئەسلىي شۇنچىلىك يارقىن، گۈزەل، ئاشكارا، يېغىنچاق، ئاددىي ۋە مۇقەددەس بولۇشقا قارىماي، كېيىنچە شۇ قەدەر مۇرەككەپ، پىنھان، ئۇنتۇلۇش گىردابىدىكى ئەبجەش مەدەنىيەت جۇملىسىگە ئايلىنىپ بىزدىن ئايرىلىپ تۇرغاندەك ھېسسىي ۋە ماددىي ھالەتكە ئۆتمەكتە ياكى ئۆتۈپ بولدى. شۇڭا ئۇنى بايقاش قانچىلىك قىيىن ۋە مۇشكۈل بولسا، بىزدىن تولىمۇ يىراقتا تۇرغان ئاشۇ مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ۋە پىسخىكىسىنى قوبۇل قىلىش شۇنچىلىك كۈچ تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

بارلىق ئانتروپولوگىيە ئالىملىرى، فولكلور مۇتەخەسسىسلىرى ۋە مەدەنىيەت ئارقىلىق ئاڭنىڭ يېتىلىش جەريانىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئىختىرالارنى تەتقىق قىلىشتا، ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان ئۆرپ-ئادەتلەردىن باشقا خەلق ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر ۋە سېھىرلىك چۆچەكلەرگە ئىلتىماس قىلىپ كەلمەكتە. شەكسىزكى ئۇيغۇرنىڭ ئەپسانە-رىۋايەت چۆچەكلىرىنى تەتقىق قىلىشمۇ ئۇيغۇرنىڭ ئەزەلدىكى تەپەككۇرى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق يولدۇر.

«چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ئاشۇنداق قەدىمىي مەزمۇننى كۆرۈنمەس ئۇچۇر سۈپىتىدە ساقلاپ بېرىۋاتقان قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىزدىن بىرى. چۆچەكتە يوشۇرۇن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ ئاكا-سىڭىل ۋە ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ شۇنچىلىك قەدىمىي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرسە، كېيىنكى بۆلەك (مەختۇمسۇلانىڭ بۇلاپ كېتىلگەنلىكىدىن-چىن تۆمۈرنىڭ كۆزى ئېچىلغۇچە)تە مەختۇمسۇلانىڭ موڭغۇل شاھزادىسىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن چىن تۆمۈرنىڭ ئالدىغا بىۋاستە بارماي، ئۇنىڭغا ئالما ۋە خالتا ئەۋەتىشىدىن ئىبارەت ئاددىي ئەمما چوڭقۇر مەنىلىك جەرياندا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىپتىدائىي مەدەنىيەت يوشۇرۇنغان. بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىپتىدائىي

جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىغا يېقىنلىششقا، قەدىمگە قايتىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 1. سىمۋول ـ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى تىل

### بىرىنچى، سىمۋولنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئىنسانلار ئىشلىتىۋاتقان نۆۋەتتىكى تىل ئېلېمېنتلىرى ئىنتايىن ئۇزاق تارىخنىڭ شاھىدى بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىش ھالقىسىدىن ئۆتۈپ بۈگۈنگە ئۇلاشقان. شۇنداقلا ئۇ يەنە داۋاملىق ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرماقتا. روشەنكى، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ھالەتتىكى تىلى تولىمۇ ئاددىي ۋە ئاز ئىدى. تۇرمۇش شەكلى ئاددىي بولغاچقا، سۆز ياساش تەرەققىياتىمۇ ئاستا ئىدى. مەيلى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى قانچىلىك ئاددىي بولسۇن، ئىنساننىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئىنسان مېڭىسى ئاستا ـ ئاستا تاۋۇش چىقىرىشنىڭ ئاساسلىق شەرتى بولغان تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ماسلىششچانلىقىدەك يۇكسەلىشنى باشتىن كەچۈرگەن. «تىل ئالدى بىلەن بىر خىل بەلگىلەر سىستېمىسى (Symbol) بولۇپ، بۇ يەردىكى بەلگە، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى بېكىتكەن (ئۇ ۋەكىللىك قىلالايدىغان) ھەرقانداق ئاۋاز ۋە ئىشارىنى كۆرسىتىدۇ. تىلنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىنتايىن ئۇزاق جەريان بولۇپ، ئالىملار بۇ نۇقتىدا ئوخشىمىغان كۆز قاراشلارنى مەيدانغا كەلتۈردى.... ئۇلار ۋارقىراش تىلغا ئايلانغان، دوراش تىلنى شەكىللەندۈرگەن ياكى كىشىلەر ئىستىخىيىلىك ھالدا تىلنى كەشپ قىلغان. ئوخشاش بولمىغان تاۋۇشلار ئارقىلىق ئوبيېكت ۋە ھەرىكەتنى ئىپادىلىگەن... دېگەندەك» بۇ قاراشلارنىڭ قانچىلىك ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئانتروپولوگىيە ئالىملىرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ تىل كەشپ قىلىش جەريانىنى بايقاش ئۈچۈن ھايمۇنلارغا تىل ئۆگىتەمەكچى بولغانلىقىدەك قىزىقارلىق تەجرىبە بىزگە ماقالىدىكى ئىدىيىمىزگە مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە تەرەپنى كۆرسىتىپ بېرىشى مۇمكىن. «بىر مەشھۇر ئالىم ۋاقتى يەتتە يىلغا سوزۇلغان ئالاقە ئالماشتۇرۇش تەجرىبىسىدە شىمپەنزىگە تىل ئۆگىتەمەكچى بولغان، ئەمما شىمپەنزە پەقەت بىر قانچە تاۋۇشنىلا ئۆگىنەلىگەن. مەسىلەن، ئۈستى (up)، ئانا (mam)، دادا (dad). شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ سۆزلەش ياكى بايان قىلىشتەك ئىككى خىل ئاساسىي ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغان. بىرقەدەر ياخشى ئۇنۇم يەنىلا غەيرىي تىل ئىپادىلەش شەكىللىرى ئارقىلىق ئېرىشىلگەن بولۇپ، دالىدىكى ئورانگۇتان، شىمپەنزىلەر ئوخشاش بولمىغان تاۋۇشلارنى چىقىرالىغان. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېسسىيات جەھەتتىكى ئىپادىلەر بولۇپ بايان قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئەمەس. بۇ مەنىدە ئۇلارنى (چىقارغان تاۋۇشلارنى كۆرستىدۇ) ئىنسانلارنىڭ ياردەمچى (辅助) تاۋۇشلىرى قاتارىغا مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالاھىدە ھەرىكەت شەكلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇلار ئاددىي ھەرىكەتلەردىن سۆيۈنۈش، قورقۇش، قوچاقلىشىش ئارقىلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن».

ئانتروپولوگىيە ئالىملىرى داروىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە ھايۋانلار ئارقىلىق بىرەر يەكۈنگە كەلمەكچى بولغان بولسا، روھىي ئانالىز ۋەكىلى سىگمۇند. فروئىد ئىنسانلار روھىيىتىدىكى بىر قاتار پائالىيەتلەرنى چۈشەندۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشتا ھەمىشە كىچىك باللارنى سىناق نۇقتىسى قىلىپ كەلدى ۋە بىر قاتار مەسىلىلەرنى چۈشەندۈردى. مەنمۇ مۇشۇ نۇقتىنى ئىزلاپ، ئوقۇرمەنلەرگە تىلنىڭ پەيدا بولۇش شەكلى ھەققىدىكى يۈزە چۈشەنچەمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

ئەگەر بىر بالىغا تىل ئۆگىتىش جەريانىغا تەپسىلىي قارايدىغان بولساق مۇنداق بىر قانچە مەسىلىنى بايقاش مۇمكىن. يەنى بالا ئالدى بىلەن ھېچقانداق گەپنى ئۇقمايدۇ، ئاتا ـ ئانىلار توختىماستىن مەلۇم سۆزنى تەكرارلاش شەكلى ئارقىلىق تىل ئۆگىتىشنى ئويلايدۇ. بالا ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانا سۆزىنىڭ تولۇقىنى ئەمەس، پەقەت بىر قىسمىنىلا، ھەتتا بىرەر تاۋۇشنى، بىرەر بوغۇمنىلا دېيەلەيدۇ ياكى ئاتا ـ ئانا ئۆگىتىپ باقمىغان باشقىچە بىر سۆز بىلەن ئۆزىنىڭ ئوي پىكرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئالايلى، ئۇ دادا دېمەي دە...دە دېيىشى، ئانا دېمەي ئا... ئا دېيىشى مۇمكىن. مەن بىر قانچە قېتىم قوشنىمىزنىڭ ئوغلىنىڭ «سىيمەن» دېگەننى «تىس، تىس» دەپ ئىپادىلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا سىيمەن دېگەن سۆزنى «جى، جى» دەپ ئۆگەتكەن.

ئانترولوگىيە ئالىملىرى بىلەن ئاددىي سىنىقىمىزنىڭ ئىككى خىل ئوخشاشلىقى مەلۇم، يەنى:

(1) ئىنسانلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىشى يەنە كېلىپ يەككە ۋە مەلۇم تەرتىپ قانۇنىيەتنى ئۆلچەم قىلمايدىغان تاۋۇشلار توپىنى ئېيتالىشى ئۇلارنىڭ تىل كەشپ قىلىشىدىكى

مۇھىم ھالقا.

(2) ئىپتىدائىي ئىنسانلار باشقا نەرسىلەرنى دوراشتىن باشقا يەنە ئۆزلىرىمۇ، ئۆزلىرىگىلا ئايان بولغان تاۋۇش تۈپى ئارقىلىق مەلۇم مەنا ئىپادىلىيەلىگەن.

(3) ئىپتىدائىي ئىنسانلار سۆزلەرنى قۇراشتۇرالمايتتى.

بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئاساستا، كىچىك بالىنىڭ تەپەككۇر تەرەققىياتىغا قاراپ باقايلى: كىچىك بالا ئۆزىچە ئاللىنېمىلەرنى دېيىشكە باشلىغاندا ئاتا ـ ئانىلار ھەمىشە ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئىلاجىسىز قالىدۇ. بۇ چاغدا كىچىك بالا ھەمىشە شۇ نەرسىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، تىلى چىقمىغان بالا مەلۇم ئادەتتىكى ئويۇنچۇقنى قۇراشتۇرۇشنى ياكى تېخىمۇ ئادەتتىكى بىر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا دادىسى ۋە ئانىسى ئۇنى بىلمىسە، شۇ ئويۇنچۇقنى ئەكىلىپ دادىسىنىڭ ئالدىغا قويۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە فروئىدنىڭ بالىلارنىڭ ساددا تەپەككۇرى ئىنسانلارنىڭ روھىيىتىگە ئەڭ يېقىن دېگەن تەلىماتىنى توغرا دەپ قارىغان چېغىمىزدا بىز «ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىگە ئورتاق بولغان مەلۇم تاۋۇشنى چىقىرىشتىن باشقا يەنە خاسلىققا ئىگە بولغان مەلۇم ئىدىيىنى ئىپادىلەشكە توغرا كەلگەندە، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا نېمە دېگەنلىكىنى بىلەلمەسلىكىدەك سەۋەبكە ئاساسەن بىۋاستە شۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇرغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن يەكۈنگە ئاسانلا كېلەلەيمىز. ئەمەلدە ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئالدىغا تاشلىغان بۇ كونكرېت نەرسىسى بىرەر ئاددىي سۆزنى ئەمەس، بىر بايانىي مەنىنى ئىپادىلىگەن، خۇددى ھېلىقى كىچىك بالىنىڭ دادىسىنىڭ ئالدىغا ئويۇنچۇقنى قويۇشى «دادا، ئويۇنچۇقۇم بۇزۇلۇپ كەتكەچكە ئويناليالمايۋاتىمەن، ئوڭشاپ بەر» دېگەن مۇرەككەپ جۈملىنى ئىپادىلىگەنگە ئوخشاش ئۇلارمۇ خۇددى شۇنداق شەكىلدە بىر قەدەر مۇرەككەپ مەزمۇنلارنى شۇ خىل نەرسىنى ئەكىلىش، دوراش، رەسىمىنى سىزىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

ئوقۇرمەن دىققەت قىلىڭكى، ھازىرقى پىكرىمىز ئىپتىدائىي ئىنسانلار سىمۋولنى قانداق روياپقا چىقارغان دېگەن نۇقتىدا كېتىۋاتىدۇ. گەپنىڭ توچكىسىنى ئېيتقاندا، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ سۆزلەرنى قۇراشتۇرالماسلىقىدەك ئاجىزلىقى ئەمەلىيەتتە سىمۋولنى ئاپىرىدە قىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. يەنى يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ئىپتىدائىي ئىنسانلار مەلۇم ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن شۇ خىلدىكى نەرسىنى ئادەملەرنىڭ ئالدىغا بىۋاستە قويۇش شەكلىنى تاللىۋالغان. بۇ ئەلۋەتتە شۇ كىشىلەرنىڭ ئىككى قولى ياكى بەدىنى كۆتۈرۈش ئىمكانىيىتى بولغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئىنسانلار چوڭ مېڭىسى تەرەققىي قىلىپ ھەقىقىي ئادەمگە يېقىنلىشىشقا باشلىغان ئاشۇ يىراق تىلسىم دەۋرىدە ئىنسانلار بارغانسېرى كىچىك نەرسىلەردىن باشقا چوڭ نەرسىلەرنى، كونكرېت نەرسىدىن ئابستراكت ئۇقۇمنى ياكى بولۇپ ئۆتكەن بىرەر ئىشنى ئىپادىلەشكە توغرا كەلگەن. ئىپتىدائىي ئىنسانلار بۇنى قانداق ھەل قىلدى؟

بۇنى ئوخشىمىغان مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋالغا بۆلۈش مۇمكىن دەپ قارايمەن:

(1) شۇ خىل نەرسىنى بىۋاستە ئەكىلىش (بۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بولغاچقا قايتا شەرھلەنمىدى).

(2) بەلگە، ئىشارەت ئارقىلىق ئىپادىلەش.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار كونكرېت نەرسە ۋە ئىش ـ ھەرىكەتنى مەلۇم ئىشارەت ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. ئەلۋەتتە ئىپتىدائىي ئىنسانلار بەلگە ـ ئىشارەتلەر ئارقىلىق ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. ماقالىنىڭ بېشىدىلا تىلغا ئالغان شىمپەنزىنىڭ مەلۇم ئىشارەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ كەلگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلى. ئىنسانلارنىڭ يەككە، بەلگە ـ ئىشارەتلەر ئارقىلىق ياكى مەلۇم كونكرېت ماددىي بۇيۇم ئارقىلىق ئۇقۇمنى ئىپادىلەشكە ئۇرۇنغانلىقى ۋە شۇ خىل مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ ئىنتايىن ئۇزاق داۋاملاشقانلىقىدىن گۇمانلىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلۇم ئىشارەت (Body language) ئارقىلىق بىرەر مەنانى ئىپادىلەش ئىنساننىڭ ئەڭ بۇرۇنقى خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئىبارەت. دېمەكچى بولغىنىمىز بەلگىنىڭ ئىجاد بولۇشى ۋە ئۇنىڭ بەلگە ئىشارەتلەر ئارقىلىق يېشىلىشى سىمۋولنىڭ تۇنجى قەدىمى.

مەسىلەن، دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم «سىمۋول» سۆزىنى ئىشلەتكەن ئارىستوتېل «ئانالىتىكا» (分析前篇) ۋە «ئىستىلىستىكا» دا بەلگىنىڭ لوگىكىلىق نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ يەردە ئالدى بىلەن بىر ئېنىقلىمىنى مىسالغا ئېلىش مۇمكىن.

MIRAS

«مەلۇم شەيئىنىڭ مەۋجۇتلۇقى باشقا بىر شەيئىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شەيئىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ بالدۇر ـ كېيىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئالدىنقى شەيئى كېيىنكى شەيئىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ياكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ بەلگىسى، ئۇ كىتابىدا كۆرسەتكەن بىر مۇھىم مىسال، ئايالنىڭ سۈتى ئۇنىڭ تۇغقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ». دېمەكچىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار تۇغدى دېگەن گەپنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئانىنىڭ سۈتىنى (ياكى خالىغان ھايۋاننىڭ سۈتى) تۇغۇمنىڭ ئىپادىسى قىلغان بولۇشى مۇمكىن (بۇ بىزگە ئېھتىمال ئوغۇز ئۇيغۇردا نېمە ئۈچۈن ئۇلۇغلىنىدۇ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرەلىشى مۇمكىن).

(3) سىزىپ كۆرسىتىش.

فروئىدچە تەپەككۇرغا ئاساسلانغاندا، كىچىك بالىنىڭ سىزغان ھەر بىر سىزىقىمۇ يوشۇرۇن ئاڭ ياكى جىنسىي ئىستەكنىڭ بېشارىتى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مەن بۇنىڭغا يۈزە ھالدا قارىغاندا ئىنساننىڭ سىزىش ـ جىجىش ئىقتىدارى، ئۇنىڭ ئىجاد ـ ئىختىرا تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەر باسقۇچلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ دەپ قارايمەن. ئېنىقكى كىچىك بالا قەلەم ـ تاياقنى راۋان ئوينىتالمىغان بىلەن تاسادىپىيلىق بىلەن تولغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئاشۇ ئەجدادلار تاياقنى تامامەن ئۆز ئەركىگە بويسۇندۇرالايتتى (ئەلۋەتتە بۇ خىل بويسۇندۇرۇشنى ھازىرقى ئۆلچەم بويىچە ئۆلچەشكە بولمايدۇ). مەسىلە مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا بىز ئىپتىدائىي ئىنسانلار يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل ئىپادىلەش شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان كۆز قاراشلىرىنى سىزىش ـ جىجىش شەكلى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويالىغان دېگەن يەكۈنگە ئېرىشىمىز.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئىستىخىيىلىك ھالدا مەلۇم ئىدىيىنى ئىپادىلەشكە ئىنتىلگەندىن كېيىن، ئۇنى بىرلا ئادەم بىلىدىغان، چۈشىنىدىغان شەكىلدىن، شۇ توپتىكى ئادەملەر چۈشىنەلەيدىغان شەكىلگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان. ئەلۋەتتە، شەيئىنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ماسلىق مۇناسىۋىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كەلگەن. «ئەمەلىيەتتە بىر قىسىم يوشۇرۇن مەناغا ئىگە سۆزلەر بولسا كوللېكتىپ ئەستە قالدۇرۇشتىن كەلگەن» بولۇپ، مەلۇم شەيئىنى ئوخشاش شەكىلدە ئىما ـ ئىشارەت قىلىش، ئوخشاش ياكى ماس كەلگەن شەيئى ئارقىلىق ئۇنى ئىپادىلەش ياكى رەسىم سىزىش ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقاندىن كېيىن، كىشىلەر شۇ خىل بەلگىنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بايقايدىغان بولغان، جۈملىدىن، كوللېكتىپ ئەستە قالدۇرۇش مۇشۇنداق كېلىپ چىققان.

ئەسكەرتىش مۇھىم بولغان بىر نۇقتا شۇكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئىشلەتكەن بۇ خىل بەلگىلەرنىڭ ھەممىسى باشتىن ـ ئاخىر ئىپادە قىلىنغان شەيئى بىلەن ئىپادە قىلىنىدىغان شەيئىنىڭ بىر ـ بىرسىگە ماس كېلىش پرىنسىپىغا بويسۇنغان. ئەلۋەتتە، پەقەت شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن شەيئىلەرنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى، خاس ياكى ئومۇمىي بەلگىسىنى ئىپادىلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن رەسىملەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. گەرچە «بۇ خىل رەسىملەرنىڭ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېستېتىك ئىدىيىسىنىڭ تەلەپپىدىن كەلگەنلىكىنى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرەلمىسەكمۇ». «دېموكرات (مىلادىيىدىن 460 ـ 370 ـ يىللار) شەيئىلەرنىڭ رەتلىك، تەكشىلىك، گارمونىيىلىك ۋە ئۆلچەملىكلىكىنى گۈزەللىك ئالامىتى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان» دېگەن بايانىنى قىستۇرماي ئۆتەلمەيمىز. ئىنسان تەبىئىتىدىكى مۇكەممەللىككە ئىنتىلىشتەك تەبىئىي خاراكتېرىنىڭ نەتىجىسىدە ئىمكانىقەدەر شۇ شەيئىگە يېقىن بولغان شەكىل ۋە شەيئىلەر ئارقىلىق ئالاقە ئالماشتۇرۇش دەرىجىسىگە يەتكەن. نەتىجىدە ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەمەلىي مەۋجۇت شەيئىلەر ئارقىلىق ھەر خىل ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگەن. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنىڭ ئەينى بىر تۈرى (ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئوخشاش بىر تۈرنى ئەلۋەتتە ھازىرقىدەك قىسمى ـ تۈرلەرگە ئايرىيالمايتتى) ئارقىلىق شۇ شەيئىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە مەنانى ئىپادىلىگەن. چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن بىز «دەرەخ» سۆزىنىڭ قەدىمكى گرېك تىلى ياكى ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى مەنىسى ھەققىدە قىسقىچە ئانالىز قىلىپ باقايلى:

«ئالدى بىلەن سۆز يىلتىزى urd، پەقەت گرېك تىلىدىلا كاۋچۇك دەرىخى ( 树橡 ) دېگەن مەنادا قوللىنىلغان. ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدا تەتقىق قىلىنىدىغان باشقا تىللاردا شەكسىزكى «ياغاچ»، «دەرەخ» دېگەن مەنادا كەلگەن... ئەمما ئالىم بانفۇرىس ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىدا ئۇنىڭ «مۇستەھكەم، مەزمۇت، ساغلام» دېگەن مەنالىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن».

دېمەك، قەدىمدە ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر «دەرەخ» دېگەن شەيئىنى مۇستەھكەملىك، مەزمۇتلۇق، ساغلاملىقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە قوللانغان. ئەگەر بىرەر قەھرىماننى شۇ قەدەر كۈچلۈك دېمەكچى بولسا ئۇلارغا دەرەخنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مەدھىيىلىگەن ۋە شۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئومۇملىشىپ شۇ قوۋمغا ئورتاق بولغان مەدەنىيەت ھادىسىگە ئايلانغان.

ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۆرە ئوشۇقى ئېسىۋالىدىغان، قۇشنىڭ تىرنىقىنى تۇمار قىلىپ ياسايدىغان ئادەتلەردىن بىز بۆرە ئوشۇقى ۋە قۇشنىڭ تىرنىقىنىڭ باشقىچە مەنا ئىپادىلەيدىغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز. باشقا جايلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە تەرەپ شۇكى، قومۇل رايونىدا ھازىرغا قەدەر ئايرىم ئاھالىلەردە «يىلپىز قۇيرۇقى» ساقلايدىغان ۋە ئۇنى كېيىنكىلەرنى قورقماس قىلىدۇ دەيدىغان قاراش مەۋجۇت. دېمەكچىمەنكى، ئەجدادلىرىمىز ئىنتايىن يىراق دەۋردە يىلپىز دېگەن سۆزنىڭ «قورقماس» دېگەن مەنىسىنىڭمۇ بارلىقىنى پەرەز قىلغان.

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ مەلۇم بەلگە ئارقىلىق بىرەر مەنانى ئىپادىلىشى بۇ پەقەت سىمۋولنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، بۇ بەلگىلەر ئەمەلىيەتتە بەلگىشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىدۇر.

«ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەپەككۇر جەھەتتە يۈكسىلىۋاتقان شۇنداق بىر مەدەنىيەت تارىخىي پەيتىدە، ئىنسانلار ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىز كېلىۋاتقان، ئابستراكت ئوي ـ پىكىرنى، زامان، ماكان جەھەتتە، ئالدى ۋە كېيىنلىكنى ئىپادىلىيەلمەيۋاتقان ۋاقىتتا مەلۇم بەلگىلەرنى ئىشتىراك قىلالماي تۇرالمىغان ئىدى» دېگەن بۇ يەكۈنىمىز يۇقىرىقى مۇھاكىمىلىرىمىزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ ھەر خىل بەلگىلەر ئارقىلىق شۇ بەلگىدىن ھالقىپ كەتكەن بىرەر مەنانى ئىپادىلىگەن. شۇڭا ئىپتىدائىي ئىنسانلار بىزگە قالدۇرغان تۇرلۇك رەسىم ۋە باشقا ماددىي قالدۇق بۇيۇملارنى ئاددىي ھالدا مەدەنىيەت ھادىسىسى ئەمەس، بەلكى مەلۇم مەنا توپى دەپ قاراشقا ئەلۋەتتە ھەقلىقمىز. ئەمما ئەزەل بىزدىن بەكمۇ يىراقتا قالغان بولغاچقا، ئاشۇ رەسىمنى سىزغان شۇ ماددىي بۇيۇمنى مەلۇم ئورۇنغا مەلۇم سەۋەبتىن قويۇپ قويغان كىشىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىش مۇشكۇل، ھەتتا مۇمكىن ئەمەس. خۇددى ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىرىمىز كونكرېت سۆزنىڭ كونكرېت مەنىسى كونتېكستتىلا ئېنىقلىنىدۇ دەپ قارىغاندەك ئاشۇ سۆز (رەسىم ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ) كونتېكستى بىزگە مەلۇم ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ئۇلار بىر سۆزنى بىر قانچە مەنادا قوللانغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بىلدۈرگەن مەنالىرىنى قىياس قىلىش تولىمۇ مۇشكۇل ئىلمىي خىزمەت.

گېزى كەلگەندە شۇنى دېيىش كېرەككى، بىزنىڭ مەدەنىيەت بۇيۇملىرى تەتقىقاتىمىزدا ھە دېگەندىلا قەدىمكى ھەمدەپنە بۇيۇملىرى ۋە قەدىمىي تاش رەسىملىرىنىڭ مەنىسىنى قىياس قىلىشتا مەلۇم سەۋەنلىك ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن. ئالايلى: تەتقىقاتىمىزدا، تاغ تېكىلىرى ۋە بۆرىلەرنى كۆرگەن ھامان بىزدە ئىپتىدائىي ئېتىقاد خاھىشنى بىلدۈرىدۇ دېگەن ئىدىيە تىكلىنىدۇ ـ دە، بۇ چوقۇم مەلۇم ئىپتىدائىي دىنىنىڭ يالدامىسى دەيدىغان قاراش مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ئېھتىمال بىرەر پادىچىنىڭ مۇشۇ جايدا تاغ تېكىسى باققانلىقىنى ياكى ئوۋلىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى، بۆرە رەسىمى بۇ جايدا بۆرە ياشايدۇ ياكى خەتەرلىك دېگەن مەنانى ياكى قاراقچى (ئايرىلغاننى ئېيىق يەر، بۆلۈنگەننى بۆرە يەر، بۆرىدىن قۇتۇلۇپ قاراقچىغا تۇتۇلدى) ئەسكى، دۈشمەن كىشىلەر بار دېگەندەك مەنالارنى ئىپادىلىشىمۇ تامامەن مۇمكىنغۇ؟ (بىزنىڭ بۇ تەپەككۇرلىرىمىز سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى، كۆپ مەنىلىك سۆز ۋە شەكىلداش سۆز قانداق كېلىپ چىققان دېگەن سوئالغا قارىتا مەلۇم چۈشەنچىلەرنى بېرىشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە).

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئىپتىدائىي ئىنسانلار چەكلىك نەرسىلەر ئارقىلىق چەكسىز ئالەمنى، ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپنى ئىپادىلەش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان. بۇ چەكلىك نەرسىلەر بەلگە دەرىجىسىگە يېتىپ ئىنتايىن ئۇزاق زامان ئىشلىتىلگەندىن كېيىن بىز دەۋاتقان سىمۋولنىڭ ئاساسىنى ياراتقان ۋە پەيدىنپەي تاكامۇللاشقان.

بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تىل تەركىبلىرىدە مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، «توخۇ يۈرەك» دېگەن ئىدىئوم ۋە قەشقەر، قاغىلىقتا ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان «موزاي» سۆزىنىڭ سەلبىي كۆچمە مەنىسى. قەدىمكىلەر بىرەر كىشىنى قورقۇنچاق ياكى بولۇمسىز دېگەن بولسا، ئۇنى ـ توخۇ،

MIRAS

موزاي دەپ ئاتىغان بولۇشى ياكى شۇ كىشى تۇرۇشلۇق جايغا توخۇ ياكى موزاينىڭ رەسمىنى سىزىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بىز بۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيمىز.

شۇنداق قىلىپ ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئاستا- ئاستا مەدەنىيەت بەلگىلەر سىستېمىسىغا (文化符号系统) تەۋە بولغان غەيرىي تىل بەلگىلەر سىستېمىسىدىكى (非文化符号系统) نىڭ تەركىبىي قىسمىلىرى بولغان ئىشارەت- بەلگىلەر، ساددا مۇزىكا (رىتىملىق تاۋۇش)، ئۇسسۇل (دورامچىلىق) قاتارلىقلار ئارقىلىق تىلنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈردى ۋە سىمۋولنى شەكىللەندۈرۈش باسقۇچىغا كىردى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار بارلىققا كەلتۈرگەن بەلگىلەر شۇ قەدەر مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگىكى، «پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ يۈكسىلىشى بەلگىنى ئىشلىتىشتىن بارلىققا كەلگەن، بەلگە بولغاچقىلا ئىنسانىيەت مايمۇندىن ئادەمگە ئۆزگىرەلىگەن ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلالىغان. پەقەت بەلگە ئىشلىتىش بولغاچقىلا، ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيىتى توختاۋسىز راۋاجلىنالىغان، پەقەت بەلگە بولغاچقىلا، ئىنسانىيەت گۈدەكلىكتىن ھەقىقىي ئادەمىيلىككە قەدەم باسالىغان»، دېگەندەك پەرەزىي ھۆكۈملەر ئەنە شۇ سەۋەبتىن بارلىققا كەلگەن.

### ئىككىنچى، سىمۋولنىڭ تەرەققىياتى

مەلۇمكى، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت بەلگىلىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە كۆپ خىل بولۇپ، جۇغراپىيىلىك شارائىتنىڭ تەسىرىدە ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەردە ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە ئورتاقلاشقان ۋە ئاخىرىدا سىمۋولغا ئايلاندۇرۇلغان مەدەنىيەت بەلگىلىرىمۇ ئوخشاش بولمىغان. شۇنداقلا ئوخشاش بىر مىللەتنىڭمۇ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋر ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتتىكى تاللىۋالغان ئومۇمىي مەدەنىيەت بەلگىسىمۇ بىر- بىرىدىن پەرقلەنگەن. بۇ خىل پەرق كېيىنكىلەرگە پەقەت زامانىنىڭ ئالمىشىشى بىلەن تېزلا ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدىغان ماقال- تەمسىل، ئىدىئوم ۋە چۆچەكلەر ئارقىلىقلا يېتىپ كەلگەن. بۇ نۇقتىدا سىمۋولنىڭ مۇقىملىقى ۋە نىسپىي ئۆزگىرىشچانلىقى ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈش كېرەك.

«سىمۋول ئۇ ھېس قىلغىلى بولىدىغان بەلگە بولۇپ، مۇئەييەت مەنىگە ۋە ئىزچىللىققا ئىگە. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەسىرى ئۇزاققىچە ساقلىنىدۇ. بىر سىمۋول ئۆز نۇۋىتىدە رېئال مەۋجۇت خاسلىق» بولۇپ، ئۇ، بارلىق ھادىسەلەرگە ئوخشاش تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. بىز ئەجدادلار مىراس قالدۇرغان سىمۋولنىڭ تۆرلۈك ئۇپادىلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈۋالالىشىمىز مۇمكىن:

(1) تۆرلۈك ئىپتىدائىي ئېتىقاد ھادىسىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن سىمۋوللۇق ئەپسانە ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ بەدىئىيلىشىش شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىدە نۇرغۇن يوشۇرۇن مەنالارنى يوشۇرۇپ قالغىنىدەك، ئۇ يەنە ئۆزىدە نۇرغۇن سىمۋوللۇق مەنالارنى ساقلاپ كەلگەنلىكى بىلەن قىممەتلىكتۇر. ئەپسانىلەرنىڭ ئۆز تەرەققىياتىدىكى ئومۇملىشىش، ئىشىنىش، ئادەتكە ئايلىنىشتەك ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئاستا- ئاستا سىمۋولغا ئايلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، تايلۇر: «ئەپسانە سىمۋولغا ۋە تارىخقا ئايلانغان» دەپ قارىغان ۋە بۇ ھەقتە بىر قەدەر سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئەپسانىلەر ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن تۆرلۈك ئېتىقاد ئامىللىرى ئەمەلىيەتتە سىمۋولدىن ئۆزگىچىرەك گۈزەل ۋە قىممەتكە ئىگە باشقا بىر نەرسە بولمىسا كېرەك. خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئەپسانىلىرى ئارقىلىق بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن ئەجدىھاغا قارايلى: «ئۇ توتېملىق چۈشەنچىلەردىن باشقا ئېسىلزادىلەرگە، پادىشاھقا سىمۋول قىلىنىدۇ. شۇنداقلا، ئۇ يامغۇر ئىلاھىنىڭ ۋە ئەر جىنسىنىڭ سىمۋولىدۇر». ئۇيغۇرلارنىڭ توتېم ئېتىقادىدا نوپۇزلۇق ئورۇن تۇتىدىغان بۆرىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ھەققىدە زىيادە سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما توتېم ئۇ ئاددىيلا بىر ئىسىم ئەمەس، بەلكى بىر خىل بەلگە. ھەقىقىي (ھېسسىي) مېدال ئۇنىڭ مېدال بىلەن ئوخشاشلىقى شۇكى، ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ تۇرىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئۇ شەرتسىزكى بىر شەكىل، سۈرەت (图形) بولۇپ، ئۇ خۇددى ئەمدى تونۇلۇۋاتقان مىللەتلەرنىڭ بەلگىسىگە ئوخشايدۇ، ھەر بىر كىشىنىڭ ئۇنى ئېسىۋېلىش ئىمتىيازى بولىدۇ». كىشىلەر بەزىدە ئۇنى كىيىم شەكلىدە كىيىۋالىدۇ، بەزىدە گىرىم بويۇقى سۈپىتىدە تەنلىرىگە چېكىۋالىدۇ. بەزىدە ئۇنى ئۆيىنىڭ تام- تورۇسلىرىغا ياكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك جايغا ئاسىدۇ. ئىپادىلىگەن مەنىسى «مەن مۇشۇ ھايۋاننى توتېم قىلغان (شۇ ھايۋاندىن تۇغۇلغان) قەبىلە، مىللەتكە مەنسۇپ دېگەندىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە بۇ دەل «سىمۋول كوللېكتىپنىڭ گەۋدىلىنىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى»،

دېگەن يەكۈننىڭ مۇھىم دەلىلى. ئەلۋەتتە ئېپتىدائىي ئېتقاد ئىزنالىرىدىكى سىمۋولنى بىز يەنە تۇرلۇك پەرھىزلەردىن كۆرەلەيمىز. ئۇيغۇرلاردا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەككە ئائىت بىر قاتار پەرھىزلەرنىڭ ھەممىسىدە شۇ نەرسىلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ئاساسىدىكى چۈشەنچىلەر ساقلانغان.

(2) سان. ساندا ئىپادىلەنگەن سىمۋوللار شۇ مىللەت ئەجدادلىرىنىڭ مەدەنىيەت ھاياتىدا يۈز بەرگەن تۇرلۇك ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ـ ئادەت خاراكتېرىگە ئىگە. ئوخشىمىغان رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان سان قارىشى شەكىللەنگەن. «غەرب ئەللىرىدە 13 ۋە بەش پېشكەللىكنىڭ سىمۋولى دەپ قاراپ كەلگەن. جۇڭگودا تەيجۇ، ۋېنجۇلۇقلارغا نىسبەتەن 13 ئەخمەقلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، خەنزۇلاردا 1، 3، 6، 9، 13، 16، 19، 23، 26، 29 قاتارلىق سانلاردىن باشقا 88، 888، 218، 518، 618 قاتارلىق سانلار قۇتلۇق مەنىگە ئىگە». بۇنداق سانلىق سىمۋوللار دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانغان بولۇپ ئۇيغۇرلاردا ساقلىنىۋاتقان 1، 3، 7، 9، 41، 40 قاتارلىق سانلارنى ئېتىقاد نۇقتىسىدا ئەمەس، سىمۋوللۇق توپ نۇقتىسىدا تەھلىل قىلىپ كۆرۈش بىز ئىشلەشكە تېگىشلىك تەتقىقات خىزمىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(3) ئادەت خاراكتېرىدىكى سىمۋوللۇق نەرسىلەر ۋە سۆزلەر. ئىنسانلار ئىنتايىن ئۇزاق مۇددەت قوللىنىش نەتىجىسىدە يۇقىرىقى ئىككى تۈردىن باشقا ئۆزلىرى ئىشلىتىپ كۆنگەن مەلۇم ئادەت خاراكتېرلىك سىمۋوللار مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ بىر مىللەتنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدا ساقلىنىپ، خەلقنىڭ ئورتاق مۈلكى بولغان تىل ھادىسىلىرىدە، بولۇپمۇ ئىدىئوملاردا، چۆچەك، مەسەللەردە ۋە يازما ئەدەبىياتتا داۋاملىق قوللىنىدۇ. ئۇ ھەتتا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئوخشىتىشنىڭ تۇراقلىشىشىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ بىر مىللەتنىڭ ھەرىكەت قائىدىلىرىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، باشقىلارغا قانچىلىك يوچۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇ مىللەتكە شۇ قەدەر چۈشىنىشلىك بولىدۇ. بىرقەدەر ئىپتىدائىي ئاڭ ۋە ئۆرپ ـ ئادەت شەكىللىرىنى غەرب ئالىملىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. زامبىيە دۆلىتىدە ياشايدىغان نىدەنبو مىللىتى سىمۋول دۇنياسىغا شۇنچىلىك غەرق بولغانكى، ئۇلارنىڭ ھەر بىر مۇراسىملىرى، كىيۋالغان كىيىم ۋە ئېسىۋالغان بۇيۇملىرى شۇ قەدەر كۈچلۈك سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «ئاق» رېڭى «ئەخلاق، ساغلاملىق، نوپۇز، مەڭگۈلۈك...» قاتارلىق 23 خىل مەنىگە، «قىزىل رەڭ» يەتتە خىل مەنىگە، «قارا» سەككىز خىل مەنىگە ئىگە. مەشھۇر ئانتروپولوگىيە ئالىمى ۋىكتور تورنېر (Viktor Turner)نىڭ «سىمۋول بوستانى» ناملىق كىتابى بۇ جەھەتتە ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر.

ئۇيغۇرلار ئىنتايىن قەدىمكى مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنىڭ تۇرلۇك تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزگىمۇ نۇرغۇن سىمۋوللۇق مەنالارغا تويۇنغان رەڭ قاراشلىرى ۋە سىمۋول تۈسىگە ئىگە بۇيۇم قاراشلىرى سىڭگەن. ئالايلى، گۈل، سابا، بۇلبۇل بىزدە تالاي ئەسىرلەردىن بېرى مۇھەببەتكە سىمۋول قىلىنىپ كەلگەن بولسا، تىكەن، قاغاقلار ھىجران ۋە دۈشمەنلىككە، ئۈجمە كۆكۈللۈككە، توشقان قورقۇنچاقلىققا، بۆرە ئاۋۋال باتۇرلۇققا، كېيىن ياۋۇزلۇققا سىمۋول قىلىنىپ كەلدى. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدا شۇنچىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەنكى، ھېچقاچان ھېچقانداق شائىر ياكى خەلق توپى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىمىزدىكى ئورنى ۋە رولىنى ئۆزگەرتىپ باققىنى يوق.

خوش، ئۇنداقتا ماقالىنىڭ تېمىسى بولغان «ئالما» ئۇيغۇر ئېڭىدا (كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭى) قانداق سىمۋوللۇق مەنىلەرگە ئىگە، يۇقىرىدىكى بايانلىرىمىز بىلەن ئۇنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

## 2. ئالمىنىڭ بايانى

ئەجدادلارنىڭ سىمۋول دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىش ئۈچۈن قىلغان قىزىقارلىق تەتقىقاتىمىز بىزگە ئەر ـ خوتۇن ھەم ئاكا ـ سىڭىل بولغان چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ ئاخىرىدا ئالما ئارقىلىق كۆزىنى ئېچىشى بىزگە نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ جايغا قانداق سىمۋوللۇق مەنا يوشۇرۇنغان؟ دېگەن سوئاللارنى قويىدى.

چۆچەكتە چىن تۆمۈر باتۇر مەختۇمسۇلانى يوقىتىپ قويۇپ نۇرغۇن ۋاقىتلار ئۆتىدۇ، قايغۇرىدۇ. مەختۇمسۇلا بولسا موڭغۇل شاھزادىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆز بالىلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە قاراپمۇ قويماستىن، چىن تۆمۈرنىڭ يېنىغا قايتىدۇ، چىن تۆمۈرگە ئۆزىنىڭ ئالمىسىنى ۋە خالتىسىنى ئەۋەتىدۇ. مەختۇمسۇلانىڭ چىن تۆمۈر باتۇرغا نىشانلىق ھالدا ئالمىنى ۋە خالتىنى ئەۋەتىشى مۇنداق ئىككى نۇقتىنى شەرھلەيدۇ ۋە بىر سوئالنى تۇغدۇرىدۇ:

A) مەختۇمسۇلا چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

B) ئۇلارنىڭ ئارىلىقى ئۇنچىلىك يىراق ئەمەس.

ئەسەردىكى بۇ ئېپىزوتنىڭ بىزگە قويغان سوئالى:

مەختۇمسۇلا نېمىشقا ئۆزى بارمايدۇ؟ (چۆچەكتە، ئۇنىڭ چىن تۆمۈرنىڭ يېنىغا بارماسلىقى ئاددىي هالدا، پادىچىنىڭ قويلىرىغا قاراپ قويۇش زۆرۈرىيىتى بىلەنلا يوشۇرۇپ قويۇلغان.)

مەزكۇر ماقالىدە يورۇتۇلماقچى بولغىنى ئەمەلدە مۇشۇ سوئالنىڭ تەكتىگە يوشۇرۇنغان سىردىن ئىبارەت.

«توخۇنى تاخ دەپ، ئوتنى ئۆچۈرۈپ، كېيىن چېچىنى سۇدا تاراپ» بارلىق پەرھىزلەرگە خىلاپلىق قىلغان مەختۇمسۇلانىڭ يالماۋۇز تەرىپىدىن باسقۇنچىلىققا ئۇچرىشى ئەقلىگە ئۇيغۇن بولغان پەرھىز جازاسى ئىدى. بىزدىن قانچىلىك يىراقلىقى نامەلۇم بولغان ئاشۇ جەمئىيەتتە پەرھىزلەر شۇنچىلىك كۈچ ئىدىكى «پەرھىزنىڭ ئەڭ چوڭ دەهشىتى ياكى ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ قۇدرىتى، كىشىلەرنى پېشكەللىككە يولۇقتۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان هەرقانداق ئادەم شۇ هامانلا ئەرۋاھ ياكى روهنىڭ جازاسىغا ئۇچرايتتى. بۇ ئەرۋاھ ياكى روه خىلاپلىق قىلغۇچىنى ئاجىزلىتىپ تاكى ئۆلگىچە ئازابلايتتى».

«ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك، هەممە ئىش ئۆزىگە ئايان بولغان مەختۇمسۇلا، يالماۋۇزنىڭ قىلغان، ئەتكەنلىرىنىڭ ئۈستىگە، ئاتالمىش ‹موغۇل شاهزادىسى› تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەندىن كېيىن باللىق بولۇپ، ئېرى (ئوخشاشلا ئاكىسى)غا قاتتىق ئاسىيلىق قىلدى. مەختۇمسۇلا باللىرى ئۆلتۈرۈلگەندە كۆزىنى يۇمۇپمۇ قويماي ئەكسىچە ‹«پاك ـ پاكىز پېتى» چىن تۆمۈرنىڭ ئالدىغا بېرىپ پەرھىزگە خىلاپلىق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان پېشكەللىكتىن قۇتۇلغانلىقىنى بايان قىلماقچى ئىدى. ئەمما ئۇ چىن تۆمۈرنىڭ ئالدىغا هە دېگەندىلا بارالمايتتى. ئۇ مۇنداق ئىككى سەۋەب تۈپەيلىدىن چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئالدىغا بارالمىغان بولۇشى مۇمكىن:

بىرىنچى، پەرھىزگە خىلاپلىق قىلغان مەختۇمسۇلا ئۆزىمۇ، پەرھىزگە يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان شەيئىگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنى چىن تۆمۈرنىڭ قوبۇل قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. توغرىسىنى دېگەندە، ئۇ «ناپاك» تەگكىلى بولمايدىغان پەرھىزلىك ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان. قەدىمكى «هەرقانداق ئادەم، هەرقانداق بىر پەرھىزگە خىلاپلىق قىلغان هامان، ئۇمۇ پەرھىزگە ئايلىنىپ كېتىدۇ» غانلىقىدەك رېئاللىق ئۇنى چىن تۆمۈرنىڭ ئالدىغا تەرەپباللا بېرىش ئىمكانىيىتىدىن مەهرۇم قىلغان.

ئەمەلىيەتتە، پەرھىز خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ پەرھىزگە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىدەك بۇنداق ئىپتىدائىي ئېتىقاد هازىرقى خەلقىمىزنىڭ ئارىسىدا هېلىهەم مەۋجۇت. كونكرېت ۋە تىپىك مىسالى: خەلق ئارىسىدا هازىرغا قەدەر يالغۇز قالغان دەرەخنىڭ (كۆپىنچە رايونلاردا جىگدە، چىلان، سىدە) تۈۋىدە ئاخشىمى يالغۇز قېلىش چەكلىنىدۇ، بولمايدىكەن بۇنداق ئادەمگە جىن چاپلىشىۋالىدۇ دېگەن قاراش بار. ئەگەر بىرەر كىشى يۇندا ـ يالاقتىن ئاتلاپ قالسا ئۇمۇ ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى پېرىخۇن ـ باخشىلارمۇ نېرۋىسىدىن ئاداشقان نۇرغۇن بىمارلارغا مۇشۇنداق ئىپتىدائىي دىئاگنوز قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇ مەهەللىدىكى بارلىق كىشىلەر شۇ كىشىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە شۇ كىشىنىڭ پەرھىزگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىدەك ئەمەلىي جەريان. ئەمەلىيەتتە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە بۇنداق قاراشنىڭ شۇ قەدەر ئېغىر ئىكەنلىكى ئەقلىگە ئۇيغۇن قاراش بولۇپ، پەرھىز بىر خىل تۈزۈمگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە مەختۇمسۇلامۇ خۇددى شۇنداق ئالاهىدە ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاچقا، ئۇ ئالمىنى ئۆز هېسسىياتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئەۋەتىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ خۇددى ئاشۇ قىزىل ئالمىدەك ساق ـ سالامەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچى، مەختۇمسۇلا ئۇچرىغان جىنسىي پاراكەندىچىلىكنى قانداق چۈشەندۈرۈش ۋە قانداق قىلىپ كەچۈرۈشكە ئېرىشىش خىيالى.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن «ئالما»نىڭ بۇ جايدا ۋاستىلىك رول ئوينىغانلىقىغا كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ.

مەختۇمسۇلا چىن تۆمۈرگە ئەۋەتكەن بۇ ئالاهىدە «ئالما»نى كونكرېت تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلق چۆچەك ـ قوشاقلىرىنى تەپسىلىي ئوقۇش جەريانىدا مۇنداق قىزىقارلىق ئۇدۇل كېلىپ قېلىشنى بايقىدىم.

1. ئالما بىۋاستە ئايال جىنس بىلەن مۇناسىۋەتلىك

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدە جورا تاللاش تېپىدىكى چۆچەكلەر خېلى مۇهىم ئورۇندا تۇرىدۇ. نۇرغۇن شاهزادە، تاز كەمبەغەللەرنىڭ قانداقتۇر بىر سەۋەب بىلەن مەلۇم شەهەرگە بارغانلىقى ۋە بۇ جايدا قىزنىڭ ئاتقان ئالمىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ قىزغا ـ مەلىكىگە

ئىرىشكەنلىكىنى بايان قىلىدىغان چۆچەكلەر خېلى مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، «ئىسكەندەر بىلەن هۆرلىقا» چۆچىكىگە قاراپ باقايلى، چۆچەكتە ئىسكەندەر ئىسسىملىك يىگىت بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن يۇرتىنى تاشلاپ باشقا يۇرتقا چىقىپ كېتىدۇ ۋە مەلۇم شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ يۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. كېيىن ئۇقسا مەلىكە ئۆزىگە ياققان يىگىتكە ئالما تاشلاش ئارقىلىق جورا تاللاۋاتقان ئىكەن. مەلىكە ئالمىنى ئاخىر ئاشۇ ئاددىي دېھقان يىگىتى ئىسكەندەرگە تاشلاپتۇ ۋە ئىككىسى بىر ياستۇققا باش قويۇپ بىللە ئۆتۈپتۇ. شۇنداقلا كېيىن ئاجايىپ كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپتۇ.

«پادىشاھنىڭ ئۈچ قىزى» چۆچىكىدىمۇ قىزنىڭ ئالما ئارقىلىق يىگىت تاللاش ۋەقەلىكى ئاساسىدا ۋەقەلىك قانات يايدۇرۇلغان.

«ئىلمولۇپ» چۆچىكىدە ئىلمولۇپقا ئاشىق بولغان پادىشاھنىڭ كىچىك مەلىكىسى ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئالما تاشلاش تەكلىپىنى بېرىدۇ: «كۆنۈلەرنىڭ بىرىدە قىزلارنىڭ ئانىسى قىزلىرىغا لايىق تاللاش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىپتۇ، قىزلار رىسىدە بولۇپ قالغاچقا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە مايدەك يېقىپتۇ. قىزلار ‹بىز ئۆزىمىز خالىغان يىگىتكە ئالما تاشلايلى، جىمىكى ئەرلەر ئوردا ئالدىدىن ئۆتسۇن› دېيىشىپتۇ... قىزلار قوللىرىغا ئالما ئېلىشىپ راۋاقتا ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ چوڭ قىزى ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا، ئوتتۇرانچى قىزى سول قول ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا ئالما تاشلاپتۇ. كىچىك قىزى ئالمىنى تۇتقان پېتى ئۆتۈۋاتقان توپ ئارىسىغا شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن تاشلىغان ئىكەن، ئالما ئىلمولۇپنىڭ قوينىغا چۈشۈپتۇ».

بۇ تۈردىكى چۆچەكلەردە، «ئالما» قىزغا، قىزنىڭ مەيلىگە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، كىم شۇ ئالمىغا ئېرىشسە، قىز شۇنىڭ بولىدۇ.

ئالمىنىڭ روشەن هالدا گۈزەل قىزلاردىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان چۆچەكلەردىن يەنە «بۇلبۇلگويا» چۆچىكىنى مىسالغا ئېلىش مۇمكىن. چۆچەكتە باش قەھرىمان بۇلبۇلگويانى ئىزدەپ ماڭغان بولۇپ، گۈزەل چاهارباغقا كەلگەندە ئاجايىپ پىشقان ئالمىلارنى كۆرىدۇ. ئالمىلاردىن يېمەكچى بولۇپ، قولىنى شاخقا ئۇزاتقان ئىكەن، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ‹شاق› قىلىپ ئۇنىڭ كاچىتىغا ئۇرۇپتۇ». كېيىن ئۇ بۇلبۇلگويانىلا ئەمەس، بىر چىرايلىق مەلىكىنىمۇ قوشۇپ ئېلىپ كەلگەندە، قىز ئۆز قولى بىلەن ئالمىلارنى يىگىتكە ئۈزۈپ بېرىپتۇ. دېمەك، چاهارباغدىكى ئالما، گۈزەل ئايالنى ۋە ئۇنىڭ مەيلىدىن بېشارەت بېرىۋاتسا كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا، «غايىب نىكاھ» چۆچىكىدە، قىزنى تېخى كۆرمىگەن يىگىت ئالمىلارنى شۇنچە يەي دېسە يېيەلمەيدۇ، پەقەت قىز بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىنلا بۇ شەرەپكە مۇيەسسەر بولىدۇ. چۆچەكتە بۇ ھەقتىكى بايانلار مۇنداق بېرىلىدۇ:

«باغدا هېچكىم يوقمىش، يىگىت بەك ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن، ئېرىقتا قولىنى سوزغان ئىكەن قولى يەتمەپتۇ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سۇغا ئېڭىشكەن ئىكەن، سۇ تېخىمۇ پەسلەپ كېتىپتۇ، يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، مەي باغلاپ پىشقان ئالمىلارغا قول سۇنغان ئىكەن، ئىلگىرى يەرگە تېگەي دەپلا قالغان ئالمىلار موككىدە ئېگىز كۆتۈرۈلۈۋاپتۇ... يىگىت بىر راۋاقنى كۆرۈپتۇ. راۋاق ئۈستىدە شۇنداق بىر گۈزەل قىز يېتىپتۇكى، ئۇ نۇر ھەم رەڭدىن ياسالغاندەكلا چىرايلىقكەن. يىگىتنىڭ كۆزى ئىككىنچى قېتىم قىزنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر پەسىيىپ تۇرغان سىرلىق كۆكسىگە چۈشۈش بىلەنلا هوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ» .

«خاسىيەتلىك ئالما» چۆچىكى تېخىمۇ تىپىك بولۇپ، ئالمىنى ئوغرىلاپ قاچقان ئوغرىنى تۇتۇش جەريانى ئەمەلىيەتتە قىزلارنى تېپىش جەريانىدۇر. ئالمىنى ئىزدەشنىڭ ئەمەلىيەتتە ئايالنى ئىزدەش جەريانى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان چۆچەكتىن يەنە «توققۇز ئالما» چۆچىكىنى مىسالغا ئالالايمىز. چۆچەكتە كەمبەغەلنىڭ هويلىسىدىكى بىر تۈپ ئالما مېۋىگە كىرگىلى كۆپ يىللار بوپتۇ. بۇ ئالمىنىڭ پىشقانلىرى يوقاپ كېتىدىكەن، بىر يىلى ئەتىيازدا بۇ ئالما توققۇز تال چېچەكلەپ توققۇز تال مېۋە بېرىپتۇ. بالىلار ئالمىلارنى ئوغرىلىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئالمىنى ساقلاپ يېتىپتۇ. ئەمما ئۇخلاپ قېلىشىپتۇ، ئەڭ ئاخىرىدا كەنجى ئوغۇل ئاكىلىرىنى باشلاپ بېرىپ ئالمىنى ئىزدەپتۇ ۋە قۇدۇق ئاستىغا كىرىپتۇ. قۇدۇق ئىچىدىكى ياغاچ ئۆيلۈك ئىشىككە كىرىپ قارىسا بۇلۇڭدا ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس شۇنداق بىر ساهىبجامال يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك...». ئۇ شۇنداق قىلىپ ئاخىرىدا ئالمىنىڭ ۋاستىسى بىلەن گۈزەل پەرىزاتقا ئېرىشىپتۇ.

«ياۋروپادا تارقالغان يەنە بىر چۆچەك ‹قۇش، ئات

ۋە مەلىكە، نامىلىق چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكىمۇ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش. ئۇنىڭ ئوغرىلانغان ئالتۇن ئالمىنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىققان كەنجى ئوغۇل بارسا كەلمەس يولغا مېڭىپ، ئالما دەرىخى، خاسىيەتلىك ئات ۋە قۇش ھەمدە چىرايلىق مەلىكىنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىپ قايتىپ كەپتۇ».

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، چۆچەكلىرىمىزدە نىكاھ بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلىكنى ئالما ئارقىلىق باغلاش موتىفى بىرقەدەر روشەن بولۇپ، ئۇ ئاشكارىچانلىقا ۋە ئۆرپ ـ ئادەت خاراكتېرىگە ئىگە. ئەگەر بىرەر چۆچەكتە بىرەر ئالما ئوتتۇرىغا چىققان ۋە كىشىلەر ئۇنى ئىزدىگەن بولسا ئۇ ئاددىي ئالما ئەمەس، بەلكى بىزنى ۋە ئەسەردىكى باش قەھرىماننى مەلىكە ياكى گۈزەل قىزلارنىڭ يېنىغا باشلاپ بارىدىغان يول باشلىغۇچتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن بىز ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە «ئالمىنى ئىزدەپ مەلىكىنى تېپىش» موتىفىنىڭ خېلى مۇھىم بىر ۋەقەلىك رامكىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇنىڭغا روھىي ئانالىز تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەتقىقات مېتودى بويىچە قارىغاندا، يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئاياللىق جىنسقا بولغان تەلپۈنۈشنىڭ تۇرلۇك مۇراسىم ياكى قانۇن، قائىدە، ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە پۈركەنگەن ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىشىدۇر. شۇنداقلا قىز بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بېشارەتنىڭ يوشۇرۇلۇشى، بەدىئىيلىشىشى ياكى گۈزەللىشىشىدۇر.

2. ئالما جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدىكى ئالما تىلغا ئېلىنغان چۆچەكلەرنىڭ يەنە بىر قىسمىنى باللىق بولالمىغان كىشىلەر ھەققىدىكى ياكى يېڭىدىن توي قىلغان بىر جۈپلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر تەشكىل قىلىدۇ.

بۇ خىلدىكى چۆچەكلەردىن بىز «ئەزەمخان ۋە ئايتۇلۇن»، «مەلىكە قانخور ھېكايىسى» قاتارلىق چۆچەكلەرنى مىسالغا ئالالايمىز. «ئەزەمخان ۋە ئايتۇلۇن» چۆچىكىدە: «غەم يېمە ئۇلۇغ خاقانىم، مەن ساڭا ئۈچ دانە ئالما بېرەي، مانا چوڭى بەك ياخشى پىشقان، ئۇنى ئۆزۈڭ يەپ چوڭ خانىش بىلەن بىللە بولغىن... خۇدا ساڭا مۇشۇ ئالما سەۋەبى بىلەن بىر پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ» دېيىلسە، «مەلىكە قانخور ھېكايىسى»دە مۇنداق بىر تەپسىلات ئۇچرايدۇ: پادىشاھ باللىق بولۇش ئۈچۈن يۇرتقا نەزىر بېرىپتۇ، ئاخشىمى تەرەت ئېلىپ يېتىپتۇ، چۈشىدە بىر نۇرانە كىشىنى چۈشەپتۇ، ئۇ كىشى پادىشاھقا: «ئەي پادىشاھى ئالەم، سېنىڭ تىلىكىڭ ئىجاۋەت بولدى، بېشىڭغا بىر ئالما قويۇپ قويدۇم، بۇ ئالمىنى ئىككى پارچە قىلىپ يېرىمىنى سەن يېگىن، يېرىمىنى ئاياللىڭ يېسۇن، ئاندىن ئىككىڭلار بىر تەكىيگە باش قويۇڭلار، خۇدايىتائالا سىلەرگە پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ» دەپتۇ. پادىشاھ ئويغىنىپ قارىسا راستىنلا بېشىدا بىر ئالما تۇرغۇدەك. ئۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ ئالمىنى ئىككى پارچە قىلىپ يېرىمىنى ئايالى، يېرىمىنى ئۆزى يەپتۇ. دېگەندەك، خۇدايىتائالا ئۇلارغا بىر پەرزەنت ئاتا قىلىپتۇ.

دېمەك، ئىككى خىل چۆچەكتە ئۇلار ئالما يېگەندىن كېيىن باللىق بولىدۇ، ئالما ئەمەلىيەتتە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت ئالاھىدە جەرياننى سىمۋولستىك ۋاستە ئارقىلىق يېپىپ قالغان. ئېھتىمال ئۇيغۇرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى «جەننەتتە يېيىشنى چەكلىگەن مېۋە» دەل ئالما بولسا كېرەك. بۇ خىل جىنسىي مۇناسىۋەت ھەققىدىكى سىمۋولستىك مەنا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىمۇ ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىر جۈپ ئالما ئاتامسىز،  
ئۈچ جۈپ ئالما ئاتامسىز.  
بىز ئىككىيلەن دوست بولساق،  
بىر يوتقاندا ياتامسىز.  
يارىم بەردى بەش ئالما،  
بەشلىسى قوينۇمدا،  
ئۇخلاپ چۆچۈپ ئويغانسام،  
يارنىڭ قولى بوينۇمدا.  
ئالما ئاتتىم ئاتقانغا،  
سىم كارىۋاتتا ياتقانغا.  
يارىم خاپا بولمىسۇن.  
بىرنى سۆيۈپ قويغانغا.

مەن يۇقىرىقى قوشاقلاردا جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئائىت بېشارەتلىك ئامىللار ئالمىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈلگەن دەپ قارايمەن. ئەلۋەتتە ئېتىكىلىق مەجبۇرىيىتىمىز نۇقتىسىدىن بۇ خىل قوشاقلارنى زىيادە تەھلىل قىلىش زۆرۈرىيىتى يوق. خەلق يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك ئالما ئارقىلىق قىز ـ يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن ۋە يەنە شۇ يولنى بويلاپ، جىنسىي جەرياننى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە يۇقىرىقىدەك بىر قىسىم چۆچەكلەردە بىر قەدەر روشەن ھالدا ئىپادىلىگەن بولسا كېيىنچە ئېتىش جەھەتتە ئەپسىزلىكى ۋە سىمۋولنىڭ تەرەققىياتىدىكى يوشۇرۇن مەناچانلىقتىن ئىبارەت مۇقەررەر تەرەققىيات، شۇنداقلا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي تەرەققىياتىدىكى يۈكسىلىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇ بىرقەدەر

يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇنى ھېس قىلماق بىرقەدەر قىيىن. خەلقىمىزنىڭ ئېتىكا قارىشىدا خەلقئالەمنىڭ ئالدىدا ئاشكارا توي قىلىشتىن ئىلگىرى جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇش ئاللىقاچان چەكلىمىگە ئايلانغان بولغاچقا، بۇ خىل مۇناسىۋەتلا ئەمەس، ھەتتا شۇنداق نىيەتتە بولۇش چەكلەنگەن ۋە ئەيىبلەنگەن. چۆچەكلەردىكى ئالما يېيىش موتىفى كېيىنچە تېخىمۇ يوشۇرۇن شەكىلگە ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ بالىلىق بولغانلىقىدەك نەتىجە مۇناسىۋىتى قىسقارتىلىۋېتىلگەن. ئەمما يوشۇرۇن ئاڭدا ساقلانغان بۇنداق ئىدىيىنى چەكلەش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئۇ تەبىئىي ھالدا چۆچەكلىرىمىز ۋە قوشاقلىرىمىزدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ نۇقتىدا مەن قىزىققۇچىلارغا «بۇلبۇلگويا» ۋە «غايىب نىكاھ» چۆچەكلىرىگە نەزىرىنى ئاغدۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن. چۆچەكتە پادىشاھ چۈشىدە بۇلبۇلگويا دېگەن قۇشنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بۇلبۇلگويانى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپ، بىر باغقا كىرىپ قالىدۇ، بۇ ئەسلىي سېھرىي كۈچكە ئىگە مەلىكىلەر سۇغا چۆمۈلىدىغان باغ بولۇپ، باغدا ئالمىلار تولۇپ ياتقان، ئەمما يىگىت باشتا ئالمىلارغا ئېغىز تەگمەيدۇ. زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن بۇ تەپسىلاتقا قايتا قارايلى: «يىگىت قارىسا باغدا ئادەمزاتنىڭ قارىسى كۆرۈنمەپتۇ، يىگىت پىشىپ تۇرغان ئالمىلاردىن يېمەكچى بولۇپ، قولىنى شاختا ئۇزاتقانىكەن، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى «شاخ» قىلىپ كاچىتىغا ئۇرۇپتۇ، بۇنىڭغا ھەيران بولغان بالا ئېتىنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، ئۆزى كۆل بويىدىكى گۈللەرنىڭ ئارىسىدا دەم ئېلىشقا يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ...». بىز ئالدىدىكى تۈرلۈك بايانلاردىن ئالمىنىڭ قىزدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ باش قەھرىماننىڭ قولىغا چۈشۈپ ئۇنى ئىستېمال قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشسە نىكاھتىن ئىبارەت ئالاھىدە جەرياننىڭ روي بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەنىدۇق. ئەلۋەتتە، توي ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن تارتىپ زامانىمىزغىچە قانۇنلۇق شەكىلدىكى تەن ۋە روھنىڭ بىرلىشىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا مەن ئالمىنى يېيىش جىنسىي مۇناسىۋەتتىن دېرەك بېرىشى، پىشقان ئالما بالاغەتكە يەتكەن قىزدىن دېرەك بېرىشى، مۇمكىن دەپ قارايمەن. يۇقىرىدىكى تەپسىلاتتىكى پىشقان ئالمىنىمۇ يېيەلمەسلىكى قىزنىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتىگە ئېرىشمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا بولمايدۇ، دېگەن مەنانى ئىپادىلىشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە چۆچەكنىڭ داۋامى بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قىياسىمىزنى ئەستىقلىشى مۇمكىن. چۆچەكتە يىگىت مەلىكىلەر ئارقىلىق بۇلبۇلگوياغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۆلدە چۆمۈلۈۋاتقان مەلىكىلەرنىڭ كىيىملىرىنى تىقىۋېلىپ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشقا قىستايدۇ. بۇلار ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشقا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى بېرىدۇ، بۇ تەپسىلاتلار ئەسەردە مۇنداق بايان قىلىنغان: «مەلىكىلەر: بۇ يەرگە كەلگەن ھەرقانداق ئادەمزات تىرىك قالمايتتى. بۇ يىگىت ئۆزىنىڭ قورقماسلىقى ۋە ئەقىللىقلىقى بىلەن بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشمەستىن بەلكى بىزنى قولىغا چۈشۈرۈۋالدى. دېمەك، بۇ يىگىتتىن ئايرىلماسلىق كېرەك، دەپ ئويلاپ ھەر ئىككى مەلىكە بالىنىڭ جامالىغا زوقلىنىپ ئاشىق بوپتۇ، ئۇنىڭغا تاماق بېرىپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ، ئالما ئۈزۈپ بېرىپتۇ. باغنى سەيلە قىلدۇرۇپتۇ». بۇ چۆچەكتىكى ئالمىنى يېيىش گەرچە بىۋاستە ھالدا روھ بىلەن تەننىڭ بىرىكىشىدەك جەريانىنى چۈشەندۈرمىسىمۇ ھەرھالدا قىزنىڭ يىگىتنى ئىختىيار قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنى قوبۇل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرسە كېرەك. «غايىب نىكاھ» چۆچىكىدە پادىشاھنىڭ ئوغلىنىڭ ئۆزگە جورا ئىزدەپ، مايمۇن مەلىكىنى ئۆز ئەمرىگە ئالغانلىقىدەك ۋەقەلىك بايان قىلىنغان بولۇپ، يىگىت ئۆزى ئاتقان ئوقنى ئىزدەپ بىر باغقا كىرىپ قالىدۇ ۋە مۇشۇ باغدىكى مەلىكىگە ئاشىق بىقارار بولىدۇ. بۇ تەپسىلات چۆچەكتە مۇنداق بېرىلگەن: «يىگىت كىرسە باغدا ھېچكىم يوقمىش، يىگىت بەك ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن ئېرىقتىكى سۇغا قول سالغانىكەن، قولى يەتمەپتۇ، تىزلىنىپ ئولتۇرغانىكەن، ھەرقانچە قىلىپمۇ سۇنى ئىچەلمەپتۇ، يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، مەي باغلاپ پىشقان ئالمىلارغا قول سۇنغانىكەن، ئىلگىرى يەرگە تېگەي دەپلا قالغان ئالمىلار موككىدە ئېگىزگە كۆتۈرۈلۈۋاپتۇ... يىگىت باغدا بىر راۋاقنى كۆرۈپتۇ، راۋاق ئۈستىدە شۇنداق بىر گۈزەل قىز يېتىپتۇكى، ئۇ نۇر ھەم رەڭدىن يارالغاندەكلا چىرايلىق ئىكەن. يىگىتنىڭ كۆزى ئىككىنچى قېتىم قىزنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر پەسىيىپ تۇرغان سىرلىق كۆكسىگە چۈشۈش بىلەنلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ». دېمەك، ئوخشاشلا يىگىت قىزنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ئالمىنى يېيەلمەيدۇ، كېيىن قىز بىلەن ئەسرا بولغاندىن كېيىن قىز ئۇنىڭغا ئالما يېيىشكە رۇخسەت قىلىپ، «سىز ئەسلىي بۇ جاينىڭ مېھمىنى بولمىغاندىن كېيىن سۇلار سىزنى ئىچكۈزمىگەن، ئالمىلار

سىزنى يېگۈزمىگەن، بۇلبۇللارمۇ سايراپ بەرمىگەن، مانا ئەمدى قولىڭىزغا ئۈزۈك سېلىپ قويدۇم. ئەمدى سىز بىزگە رەسمىي مېھمان، دەيدۇ. مۇشۇ دىئالوگلارنى ئو- قۇۋاتقان چاغدا كىتابخاننىڭ ئۈزۈكنىڭ دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ توي ـ نىكاھ ئادىتىنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكى ئېسىگە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، دېمەك ئالما، ئۈزۈك، توي، جىنسىي مۇناسىۋەت بىر ـ بىرىگە سىمۋول ئارقىلىق باغلىنىپ كەتكەن.

ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تەرىپى شۇكى، بۇ تۈردىكى چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسىدە ئالمىنى يېيەلمىگەن ياكى ئالمىنى ئىزدەپ مەلۇم جايغا كېلىپ قالغان باش قەھرىمان ھەمىشە مەلۇم سىرلىق جايغا، قۇدۇق ئاستىغا، تىلسىم ماكانغا كېلىپ قالىدۇ ۋە ئۆمۈرلۈك سۆيگۈنىگە ئېرىشىدۇ. بۇ نۇقتىدىكى گۇمانىم شۇكى ئالمىنى ئىزدەش (ئۆزىگە جورا ئىزدەش)، ئۆيگە كىرىش (قىزنىڭ مەھەل- لىسىگە بېرىش) ئاخىرىدا ئالمىنى ۋە قىزنى ئېلىپ كېتىش سىمۋولىستىك يول ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن نىكاھ جەريانى بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا قىزنى ئايرىم ئۆيگە سولاپ قويغان كىشى (ئۇ گاھىدا دىۋە، گاھىدا سېھىرلىك قۇش) باشقا كىشى ئەمەس، دەل قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولۇشى مۇمكىن. دىققەتكى، بۇ خىلدىكى چۆچەكلەرنىڭ ھېچقاي- سىسىدا قىزنى يوشۇرۇپ قالغۇچى ياۋۇز كۈچلەرنىڭ قىزلارغا زوراۋانلىق قىلغانلىق كۆرۈنۈشى بېرىلمەيدۇ. ئۇنى باشقىلار ئاسان تاپالمايدىغان جايغا ياكى ئالتۇن قەپەسكە، گاھىدا ئادەمزاتنىڭ ئايىغى باسمايدىغان چا- ھارباغلارغا سولاپ قويىدۇ. ئاشۇ پىنھان، تىلسىم ماكانلار، ئالتۇن قەپەسلەر ئاسانلىقچە ئادا قىلغىلى بولمايدىغان توي شەرتلىرىمۇ ياكى ملك كۈچسىمۇ بىكار قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان، مۇقەددەس نەرسىگە ئايلىنىپ كەتكەن، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بېكىتكەن ئەخلاقىي چۈشەنچىلەرنىڭ سىمۋولىمۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە تەتقىقاتىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشى- شىنى تەلەپ قىلىدۇ؟

خوش، ئۇنداقتا ئالما نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ مەنانى ئۆزىگە جۇغلىۋالىدۇ؟ ئۇنىڭغا قانداق مەدەنىيەت جەريانى سىڭگەن؟ مەختۇمسۇلا چىن تۆمۈرگە ئەۋەتكەن ئالمىدا يەنە قانداق مەنالار بار؟

بۇنىڭغا جاۋابەن يەنىلا ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە ــ قە- دىمگە قايتىمىز. ماقالىنىڭ بېشىدا ئىپتىدائىي ئىنسانلار تىل مۇكەممەل يېتىشمىگەن شارائىتتا مەلۇم ئۇقۇمنى ئىپادى- لەش ئۈچۈن شۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ كېلىش، سىزىپ كۆرسىتىش، شۇ نەرسىنىڭ بەلگە ئىشارىسى ئارقىلىق كۆرسىتىش جەريانىنى شەكىللەندۈرگەن ۋە بۇ كېيىنچە تىلنى شەكىللەندۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىغان ۋە ئاخىرىدا سىمۋوللۇق ئىبارىگە ئايلانغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق. بىز يەنە سىمۋولنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ماسلە- شىشچانلىق ۋە سىممېترىك گۈزەللىك ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ دەپ قەيت قىلغان ئىدۇق. ئەلۋەتتە شۇ- نىسى ئېنىقكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار بۇنداق ماسلىشىش- چانلىقتا ۋە سىممېترىك گۈزەللىك نۇقتىسىغا ياتىدىغان شەيئىلەرنى تاللىغاندا ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا مەۋجۇت بولۇ- ۋاتقان شەيئىلەرنى تاللاشقا ئادەتلەنگەن.

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر تەرەققىياتىدا ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئىدىيىۋى ھاسىلات دەل ئانىزىم بولۇپ، ئۇ ھەممە نەرسىدە خۇددى ئىنسانغا ئوخشاش روھ بولىدۇ دەپ قاراش شەكلى بىلەن دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرگە مەنىۋى ھايات ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇ- لارنى يەنە ئەركەك ۋە چىشىدىن ئىبارەت ئىككى جىنسقا ئايرىشنى ئۇنتۇمىغان. بۇ خىل ئەھۋال ھەتتا بىر قىسىم مىللەتلەردە تاكى ئوتتۇرا ئەسىرگىچە داۋاملاشقان. بۇ ھەقتە «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت»تە تايلور: «تىل مەيلى كۈچلۈك ياكى ئاجىز، قاتتىق ياكى يۇمشاق، قوپال ياكى نەپىس بولسۇن ھەمىشە روشەن پەرققە ئىگە بولغاچقا، ئۇلار (ئوبيېكت) ئەركەك ۋە چىشىدىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇم ئارقىلىق قارىمۇ قارشى قويۇلغان... بۇ خىل ھادى- سە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان پارسلاردا ساقلانغان بولۇپ، پارسلار ھەتتا كىيىم ـ كېچەكتىن، يېمەك ـ ئىچمەككىچە، ھاۋا، سۇغىچە ئىككى جىنسقا ئايرىۋەتكەن... بۇ جەھەتتە كالىمان ئارىلىدىكى داياقلارنىڭ ئىپادىسى تېخىمۇ روشەن بولۇپ، ئۇلار چېلەكلەپ ياغقان يامغۇرنى لوجاتاڭ ئالاي دېيىشىدىكەن. بۇنىڭ مەنىسى ئەركەك يامغۇر» دېگەن- لىكتۇر. ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل ئىپتىدائىي ئادەت ھازىرغىچە ئاساسىي جەھەتتىن يوقالغان بولۇپ، پەقەت «ئەركەك سۇ» «ئەركەك تېرەك»، «مادا تېرەك» (تېرەك قارا- قاش ناھىيە قاراساي يېزىسىدا شۇنداق تۈرگە ئايرىلىدى- كەن). «ئەركەك تېرەك» دېيىلگىنى تىك ۋە تۈز ئۆس- دىغان تاغ سەگۆسىنى كۆرسەتسە، «مادا تېرەك» بىر قەدەر ئەۋرىشىم ئۆسىدىغان جام، ئاياغ ئۈيۈشتا ئىشلىتى- دىغان قاپاق تېرەكنى كۆرسىتىدىكەن (قاراقاش ناھىيىسى

قاراساي يېزىسى بازار كەنتى 6 ـ مەھەللە 31 ـ ئۆيدە ئولتۇرۇشلۇق مۇھەممەتجان ھەسەن ئېيتىپ بەرگەن)، يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنى ئەركەك سۆزى بىلەن سۈپەتلەش بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ «ئەركەك زەدەك»، «ئەركەك چامغۇر»، «ئەركەك قوناق»، «ئەركەك زاغۇن» دېگەن تۈرلەر مەۋجۇت. بۇنىڭدىن باشقا ياغاچچىلىق كەسپىدە تۈرۈم ئويغاندا «ئەركەك تۈرۈم» ۋە «چىشى تۈرۈم (خوتەندە) دەپ ئايرىلىدۇ» دەپ ئايرىيدىغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ.

دېمەكچىمەنكى، ئىنتايىن يىراق تارىخىي دەۋرلەردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ سۆز ـ ئىبارىلەر بىزگە، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ شەيئىلەرنى ئەركەك ۋە چىشى جىنسقا ئايرىشى شۇ قەدەر ئومۇملاشقان دېگەن چۈشەنچىگە كېلىشتە مۇئەييەن ئۇچۇرلۇق قىممىتى بار دەپ قارايمەن. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ قانداق تەپەككۇر جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى نامەلۇم، ئۇلار شۇنداق بىر مەدەنىيەت باسقۇچىغا قەدەم قويغان بىر دەۋردە «بىز تېخى بىلىپ يەتمىگەن ئەجدادلىرىمىز ئۆسۈملۈكلەرنى ئادەملەشتۈرۈپ ئۇلارنى ئەر ـ ئايالغا ئايرىغان» بولۇپ، ئۇلار گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ ئېچىلغان ۋە توزۇغان تەرەققىيات جەريانىغا قاراپ ئۇلارنى ئادەمنىڭ ھاياتىغا ئوخشاتقان ياكى ماسلىششچان ماددا قىلىپ تاللىۋالغان بولۇشى، ئەتراپتىكى بىر قەدەر نازۇك بولغان، ئاجىز ئەمما گۈزەل ئۆسۈملۈكلەرنى ئاياللارغا ئوخشىتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ تاپتا بىزنىڭ ئېسىمىزگە بۆكۇخان رىۋايىتىدىكى دەرەخنىڭ كاۋىكىدىن ئادەم تۇغۇلغانلىقىدەك ئالاھىدە جەريان كېلىشى كېرەك. مەلۇمكى، ئەجدادلار دەرەخنىڭ كاۋىكىنى تاللىۋېلىشتا ماسلىشىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان. جىنس بىلەن ئۆسۈملۈكنىڭ باغلىنىپ كېتىشى توغرىسىنى دېگەندە دەرەخ بىلەن باغلىنىپ كېتىشى دۇنياۋى ھادىسىدۇر. شۇڭا فرازېئورمۇ «ئالتۇن شاخ»تا سكوتلان دېڭىز قىرغىقىدىكى بەزى ئاراللاردا نىكاھ، جىنسىيەت ۋە دەرەخ باغلىنىپ كەتكەن مۇراسىم ئادەتلىرىنى تىلغا ئالغان.

دەرەخنىڭ ئەركەك، چىشى دەپ ئايرىلىشىدا ئەلۋەتتە ئايالنىڭ تۇغۇشىدىن ئىبارەت ئىقتىدارى تەبىئىي ھالدا مېۋىلىك دەرەخلەرنى چىشى جىنسقا تەۋە قىلىپ بېكىتىشكە ئاساس ياراتقان. ئەڭ قەدىمكى ئېتىكا چۈشەنچىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى تەسىرىدە تۆۋەنكى ئەتنىڭ ـ مەركەزلىك ھالدا ئەۋرەتنىڭ يېپىلىشى نەتىجىسىدە تۇرۇق جەھەتتىن بىرلەمچى جىنسىي ئەزا ئارقىلىق ئەر ـ ئايالنى پەرقلەندۈرۈش ئىمكانىيىتى يوقالغان. ئەلۋەتتە بۇ چاغدا ئەر ـ ئايالنى چاچنىڭ شەكلىدىن پايدىلىنىپ پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى. «بىر ئىپتىدائىي ئەرگە نىسبەتەن بىر گۈزەل ئايال جىنسىي ئالاھىدىلىكلىرى تەرەققىي قىلغان ياكى ئۆزىنىڭ بېزەكلىرى ئارقىلىق كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلالايدىغان ئايالدۇر... چۈنكى بۇنداق ئايال تۇغۇمچان ۋە سۈتلۈك كېلىدۇ». شۇنداق بولغاندا ئاياللارنى ئەرلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرغىنى ئۇلارنىڭ ئىككىلەمچى جىنسىي ئەزاسى — كۆكسى ئىدى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئايال دېگەن ئۇقۇمنى ئاۋۋال بىرلەمچى جىنسىي ئەزانىڭ بەلگىسى، رەسمى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن بولسا، كېيىنچە ئاياللىق ئىككىلەمچى جىنسىي ئەزانىڭ بەلگە، رەسىملىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئۆتكەن. ئەلۋەتتە بۇنىڭغا شەكىل، ھەجىم جەھەتتىن ماس كېلەلەيدىغان، سىممېترىك گۈزەللىك پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان نەرسە دەل مېۋە يەنە كېلىپ ئالما، نەشپۈت قاتارلىق بۇ خىل شەرتلەرنى قانائەتلەندۈرەلەيدىغان شەيئىلەر ئىدى. ئەلۋەتتە قانداق مېۋىنى تاللاش شۇ مىللەت ياشىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئوخشىمىغان جىنسىيەتكە ماس مېۋىلىرى بولۇشى مۇمكىن.

فروئىد ئاياللىق جىنسىي ئەزانىڭ سىمۋولىستىك ماس ماددىلىرىنى تالاي نەرسىلەر ئارقىلىق كۆرسىتىپ، ئاخىرىدا مۇنداق بىر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «بىز ئاللىقاچان ئاياللارنىڭ كۆپىيىش ئەزاسىنىڭ كائىناتقا، ئەرلىكنىڭ تاغلارغا سىمۋول قىلىنغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئەلۋەتتە گۈلزارلىق ئاياللارنىڭ كۆپىيىش ئەزاسىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، مېۋىسى ئايالنىڭ كۆكسىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ھەرگىز پەرزەنت ئەمەس». گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە بىز يۇقىرىدا مىسالغا ئالغان بىر قاتار چۆچەك ۋە قوشاقلاردىكى «باغ» سۆزىنى ئىختىيارسىز ئەسكە ئالىمىز، ئەمما ھەدېگەندىلا فروئىدنىڭ گۈلزارلىق ئاياللارنىڭ كۆپىيىش ئەزاسىنىڭ سىمۋولى، دېگەن سۆزىگە قوشۇلۇپ كېتەلمەيمىز. چۈنكى بۇ نۇقتىدا بىز كۆرسىتەلەيدىغان روشەن ماس ماددا ياكى ماس بەلگە يوق. ئەمما ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى بىر قىسىم مىسرالار «مېۋە ئاياللارنىڭ كۆكسىنى كۆرسىتىدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى ئەستىقلىشى مۇمكىن.

بېغىڭدىكى ئالماڭنى،
چىشلەپ يەيمەن ئۈزمەيمەن.

سەندىن باشقا قىزلارنى
يار تۇتمايمەن سۆيمەيمەن.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئالما ئاتقان قارا كۆز.
تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ،
قاشنى ئاتقان قاراكۆز.

بۇ قوشاقلاردەك ئالما — ئاياللىق ئىككىلەمچى جىنسىي ئەزانى كۆرسىتىشى، باغ — ئاياللىق تەننى كۆرسىتىشى مۇمكىن. مۇنۇ قوشاق تېخىمۇ تىپىك بولۇپ ئۇنىڭدا قىزنىڭ جىنسىي پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغانلىقىدەك جەريان سىمۋولىستىك ئۇسۇل ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن:

يارىم باغقا باشلايدۇ،
ئالما يەڭ دەپ تاشلايدۇ،
ئالما شاخىدىن چۈشمەي،
خۇما كۆزىنى ياشلايدۇ.

ئەلۋەتتە ئالما قىسمى تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولغان، رەڭگى ھەر خىل بولغان مېۋىلەرنىڭ بىرسى بولغاچقا بىز قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ زادى قانداق ئالمىنى قىز ـ ئوغۇللۇق مۇھەببىتىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قوللانغان، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشقا ئېرىنمەسلىكىمىز كېرەك. چۈنكى بىز ماقالىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا سىمۋوللۇق ئىبارىلەر تۇراقسىزلىقتىن تۇراقلىققا، بىر تۈردىكى ھەر خىل شەيئىدىن بىر تۈردىكى ئايرىم، يەككە شەيئىلەرگە جۈغلىنىدىغانلىقىنى قەيت قىلغانىدۇق.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەتراپىدىكى شەيئىلەر ئاساسىدا شۇ شەيئىنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ ئېنىق بېكىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ رەڭلىرىنى بېكىتكەن ۋە رەڭ ئارقىلىق مەنىسىنى تېخىمۇ روشەن پەرقلەندۈرگەن، ئاخىرىدا ئۇلارغا سىمۋوللۇق مەنا بەرگەن. بۇ ھەقتە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا خېلى تەتقىقاتلار بولغاچقا كۆۋەجەپ سۆزلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بىز ماقالىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى بىلەن قىزىل رەڭ ھەققىدە توختىلايلى:

بىر قىسىم فولكلورشۇناس ئالىملىرى بۇ ھەقتە بىر قاتار بايانلارنى ئېلان قىلغان. بۇلارنىڭ قارىشى ئاساسىي جەھەتتىن «قەدىمكى تۈرلۈك رەسىملەرنىڭ ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رەسىملىرىنىڭ تەگلىكىنى ۋە سىزىقلىرىنى سېرىق، قىزىل، ئاق ۋە قارا قاتارلىق رەڭلەردە بويىغان». «سېرىق ۋە قىزىل رەڭلەر كلاسسىك رەڭلەر قاتارىغا مەنسۇپ بولۇپ، ماددىيەتلىككە، كەسكىنلىككە ئىگە رەڭ تۈرى، قىزىل رەڭ بولسا تىپىك ھالدا جىنسىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، سېرىق ۋە قىزىل رەڭ ئاياللارغا ۋە ياۋايىلىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ»، دېگەندەك مەزمۇنلارغا يىغىنچاقلىنىدۇ. تەتقىقاتچىلار قىزىل رەڭنى ئاياللارغا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆپىنچە قاننىڭ، لەۋنىڭ، ئەتنىڭ، ھەيزنىڭ، گۆشنىڭ رەڭگىنىڭ قىزىللىقى بىلەن باغلايدۇ. نوپۇزلۇق ئىلمىي ئەسەر «سىمۋول بوستانى»دا ئىدىمبو خەلقىنىڭ قىزىل رەڭ چۈشەنچىسى ھەققىدە توختىلىپ بۇ ئىپتىدائىي مىللەت كىشىلىرىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى مىسالغا كەلتۈرگەن: «قىزىل رەڭ ياخشىغىمۇ، يامانغىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا دادام بىلەن ئاتامنىڭ قېنى قوشۇلسا يەنىلا ياخشىلىق كېلىدۇ»، «ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قىزىل رەڭ ئاياللارغا، ئۇرۇشقا، تەڭگە، قانغا ۋەكىللىك قىلىدۇ». ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئالما ھەمىشە «قىزىل» سۆزى بىلەن سۈپەتلىنىدۇ («ئالما ساتقىلى چىقسام، قىزىلىنى تاللايدۇ» دېگەندەك)، خەلق ئارىسىدا، بولۇپمۇ خوتەندىكى گىلەمچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھۈنەرۋەنلەر قىزىل رەڭنى «ئال رەڭ» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئالمىنىڭ ئۆزىدىن باشقا ئۇنىڭ رەڭگى ئارقىلىق ئالمىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرغان ۋە ئېنىق بېكىتىشكە ئۇرۇنغان ۋە قىزىل رەڭلىك ئالما ئارقىلىق بىۋاستە ھالدا ساپ ئىنسانىي مۇھەببەتنى مەركەز قىلغان بىر قاتار چۈشەنچىلەرنى ئىپادە قىلغان، دېگەن ھۆكۈمگە كېلەلەيمىز.

بايانلىرىمىزنى تېخىمۇ قىسقارتقاندا، قەدىمكى ئىنسانلار قەدىمدە ئايال، قىز، قىزدەك پاك، ھېچكىمگە بۇزۇلمىغان، ساڭا كۆڭلۈم بار، مەن ساڭا تەۋە، مېنىڭ سۆيگەن مەشۇقۇم، مېنىڭ خوتۇنۇم، جورام، كۆكسى، جىنسىي ئىستەك قاتارلىق سۆزلەرنى ئىشلەتكەن چاغدا ئالمىنى ئۆزى سۆيمەكچى بولغان كىشىنىڭ ئالدىغا قويغان، بىر ـ بىرسىگە شۇ مەنا يۆنىلىشى بويىچە ئەۋەتىشكەن. ئالمىنىڭ رەسمىنى سىزىپ كۆرسەتكەن ياكى ئىما ـ ئىشارەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. ئالمىنىڭ ساقلىقى، بېجىرىملىقى، رەڭگىنىڭ قىپقىزىللىقى ئارقىلىق پاك مۇھەببەتنى، ساداقەتنى سىمۋوللاشتۇرۇپ، سېسىغان، بۇزۇلغان، تاشلىۋېتىلگەن ئالمىلار ئارقىلىق مۇھەببەتنىڭ تراگېدىيىلىك تەرىپىنى كۆرسەتكەن بولسا، ئالمىنىڭ تولۇق ياكى پىشقانلىقىنى بەلگە سۈپىتىدە قوللىنىپ،

قىزنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنى ئىپادە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئوخشاشلا ئالمىنىڭ ئىستېمال جەريانى ئارقىلىق تەن ۋە روھنىڭ بىرلىكى ھەققىدىكى باياننى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇشى مۇمكىن. ماقالىنىڭ بېشىدا تىلغا ئالغان مىڭكا ئۇرۇقىغا تەۋە بولغان ئىندىئانلارغا ئوخشاش يەككە سۆزلەرنى ئىشلىتىش پرىنسىپى بويىچە «ئالما» دېگەن بىرلا سۆزنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، ھەتتا بىر پۈتۈن ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلىگەن بولۇشى مۇمكىن.

دېمەك، ئالما (يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سىمۋولنىڭ تەرەققىياتى تېمىسىدا ئەسكەرتىلگەن) «ئادەت خاراكتېرلىك سۆز ۋە نەرسىلەر»گە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قاتلاملىق مەناسى ئالمىنىڭ ئادەت سۆزى شەكلىدە ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىلگەنلىكى ۋە كوللېكتىپ ئەستە قالدۇرۇشنىڭ نەتىجىسى.

خوش، «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدىكى ئالمىنىڭ ئۆزىگە قايتايلى:

مەختۇمسۇلا پەرىزلەرنىڭ جازاسى سۈپىتىدە بولاپ كېتىلگەن بولسىمۇ، بالىلىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە قارىماي قايتىپ كەلدى ۋە چىن تۆمۈرگە ئالمىسىنى ئەۋەتتى (ئەلۋەتتە مەختۇمسۇلا ئۆزىمۇ پەرىزگە ئايلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، پەرىز تۈزۈملىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان چىن تۆمۈرنىڭ يېنىغا خالىغانچە بارسا ئۇنىڭ قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىقىنىڭ نائېنىق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدۇق)، مېنىڭچە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىسىدە شۇنچىلىك زور مەنا ئىپادىلىشى مۇمكىن بولغان ئالما چىن تۆمۈر ئۈچۈن نۇرغۇن ئۇچۇرنى ئېلىپ بارالايدىغان ئالاھىدە سوۋغا بولۇپ، ئەگەر بىز يۇقىرىدا ئېيتقان بايانلىرىمىز توغرا بولدى دەپ قارىغان چېغىمىزدا چىن تۆمۈر باتۇر ئالدى بىلەن ئالما ئارقىلىق ئۇنىڭ ئايال جىنسى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇنداقلا ئالمىنىڭ ئۇنىڭ خاس مۈلكىگە ئايلانغانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ رەڭگىدىن ئالمىنى ئەۋەتكۈچىنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان ئايال ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ مۇئەييەنلەندۈرىدۇ. مەختۇمسۇلانىڭ ئۇنىڭغا شۇنچە بېجىرىم ئالمىنى ئەۋەتكەنلىكىدىن بولسا ئۇنىڭ ھەمراھىنىڭ شۇ قەدەر پاك ۋە غۇبارسىز ئىكەنلىكىنى ۋە شۇنداقلا ھېچقانداق جىنسىي پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىمىغانلىقىنى ئۇقتۇرماقچى بولغانلىقىنى پەرەز قىلماقمۇ ئانچە تەس ئەمەس.

مەختۇمسۇلا ئەنە شۇ بېجىرىم ئالمىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق چىن تۆمۈرنىڭ ئۆزىنى كەچۈرگەن ياكى كەچۈرمىگەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولغان ئىدى. فرازېر: «سالويۆدىكى نۇرغۇن كىشىلەر شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇكى، ئەگەر ئايالى باشقىلار بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلسا ئەرلىرى دەرەختىكى مەلۇم شەكىلدىكى تۈگۈنچەك ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى سىنايدىكەن. ئىلگىرى نۇرغۇن ئايالار بۇنداق كۈچلۈك پاكىت ئالدىدا «پاش بولۇپ قېلىپ» ئېرىنىڭ تايىقى ئاستىدا جان تەسلىم قىلغان»لىقىنى تىلغا ئالىدۇ. مەختۇمسۇلا ئالمىنىڭ بېجىرىملىكىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزىگە ھېچكىمنىڭ چېقىلمىغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولغان (مەختۇمسۇلانىڭ بالىلىرى ئۆلۈپ، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بىللە بولغانلىقىنىڭ بارلىق ئىسپاتلىرى تۈگىگەن ئىدى). چىن تۆمۈر باتۇر بۇ سىمۋوللۇق مەنالارنى بىزگە ئوخشاش قىينىلىپ ئولتۇرماي تېزلا چۈشەنگەن ۋە ئۇنىڭ كۆڭۈل گۇمانلىرى بىردەمدىلا تارقاپ كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ كەتكەن.

مېنىڭچە چىن تۆمۈرنىڭ ئەمالىقىمۇ ئەسەردە بېشارەتلىك تۈس ئالغان بولۇپ، ئەمەلدىكى كۆزىنىڭ قارىغۇلۇقىنى كۆرسەتمىسە كېرەك، يەنى مەختۇمسۇلانىڭ پەرىزگە خىلاپلىق قىلىپ باشقا بىر ئەر بىلەن بىللە بولغانلىقىدەك گۇماندىن ئىبارەت «ئەمالىق» بولسا كېرەك. ئۇ مەختۇمسۇلانىڭ سەللىمازا ۋە پاكلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن كۆز ئالدى يورۇغان ۋە گۇمان يېشىلگەن. مەختۇمسۇلا بولسا پەرىزنىڭ چەكلىمىسىنى يەڭگەن. دېمەك، مەختۇمسۇلا چىن تۆمۈرگە ئەۋەتكەن ئالمىدا ئەنە شۇنداق نۇرغۇن مەنا سىڭگەن.

پايدىلانمىلار:

1. «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش «مىراس» ژۇرنىلى 2007 ـ يىلى 2 ـ سان.

2. «قاتلاملىق ئېستېتىكا» ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى 33 ـ بەت.


3. «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 2 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ ، 5 ـ قىسىملىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

4. «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىدىن جەۋھەرلەر» گۈننار ياررىڭ 126 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى.

5. «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» 3 ـ قىسىم، 26 ـ ، 111 ـ ، 136 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىل نەشرى.

6. «فولكلور ئىنسانىيەت روھىيىتىنىڭ جۇلالىسى» ئالان داندىس، «مىراس» ژۇرنىلى 2005 ـ يىللىق 1 ـ سان، 24 ـ بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتى)




بىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغان نۇرغۇن ئاددىي ھېكمەتلىرىمىز بار، بۇ ھېكمەتلەر قانۇن ـ تۈزۈملەر تېخى مۇكەممەللەشمىگەن ئەينى دەۋرلەردە پەرزەنتلەرنى ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت پەرزەنت تەربىيىسىدە ئاكتىپ رول ئوينايلا قالماي، يەنە ئىبرەتلىك ساۋاقلارنىمۇ بەرگەن. لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر مۇنچە ھېكمەتلەر يوقالدى، ئۇنتۇلدى، يەنە بىر قىسىملىرى ئۇنتۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا مەن بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ، بۇ ھېكمەتلەرنى قەلەمگە ئېلىپ يازما ھالەتتە ساقلاپ قېلىشنى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىدىم. مېنىڭ بۇ ماقالەمدە تىلغا ئالغانلىرىم ئاساسەن بىزدىكى «يامان بولىدۇ»لار بولۇپ، بۇلار ئاشۇ ئاددىي ھېكمەتلەرنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدۇر.

«يامان بولىدۇ»لار قارىماققا دىنىي تۈسنى ئالغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ «يامان بولىدۇ»لاردا كىشىلىك تۇرمۇش جەريانىدىكى نۇرغۇن تەجرىبە ـ ساۋاقلار يەكۈنلىنىپ، بىر قىسىم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلمىي كۆز قاراشلار شەرھلەنگەن. مەن بۇ شەرھلەرنى كىچىك چاغلىرىمدىكى مومامنىڭ تەنبىھلىرى ۋە كېيىنكى چاغلاردىكى چوڭلارنىڭ ئۈگۈت ـ تەربىيىلىرىنى ئاساس قىلغان ئاددىي ۋە قىزىقارلىق ھېكايىلەر ئارقىلىق بەدىئىي يوسۇندا بايان قىلدىم. لېكىن مېنىڭ ئىزدىنىشلىرىمنىڭ تازا تولۇق بولۇپ كېتىشى ناتايىن، ھەرقايسى يۇرت، مەھەللە كىشىلىرىنىڭ بىر قىسىم «يامان بولىدۇ»لار ھەققىدىكى شەرھى تەبىرلىرى ئوخشىماسلىقىمۇ مۇمكىن، شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ كەم ـ كۈتە يەرلىرىنى ئۆزلىرى بىلىدىغان ياكى ئاڭلىغان مەزمۇندا تولۇقلاپ پايدىلىنىشنى سورايمەن. — ئاپتوردىن

**1. مومامنىڭ تەنبىھى**

كىچىك چاغلىرىمدا تولىراق موماملارنىڭ مەھەللىسىگە قېچىپ بېرىۋالاتتىم. سەۋەبى، ئۇ مەھەللىدە بىللە ئوينايدىغان باللار جىق ئىدى. بىر كۈنى كەچلىكى مومام چاقىرىپ:

—مەن سېنى مەشنىڭ كۈلنى تۆكۈۋەت دېسەم تېخى تۆكمەپسەنغۇ؟—دەپ سورىدى.

مەن مومامنىڭ قاپىقىغا قاراپ قويۇپ، تىرنىقىمنى تاتىلىغىنىمچە:

—ئۇنتۇپ قاپتىمەن،—دېدىم.

—سەن زادى ئويۇنغا تويمايسەن!—دەپ خاپا بولدى مومام.

—خاپا بولما موما، مەن ھازىرلا تۆكۈۋېتەي،—دېدىم شۇئان.

—بولمايدۇ ئەمدى!—مومام قولىنى سىلكىدى گې-پىمنى يېرىپ،—نامازشامدىن كېيىن كۆل تۆكسە يامان بولىدۇ!

مومامنىڭ ئاشۇ «يامان بولىدۇ» دەيدىغان گېپى ھەر قېتىم مېنى قورقۇنچقا سالاتتى، چۈنكى مەن «يامان بو-لىدۇ»نى ئۆلۈم-يېتىم، يىغا-زار ھالىتىدە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. ھازىر بىلسەم نامازشامدىن كېيىن كۆل تۆ-كۈش ئۇنداق ئىش بولماي، ئوت ئاپىتى يۈز بېرىدۇ دې-گەندىن بېشارەت ئىكەن. كۈندۈزى كۆل ئارىسىدىكى چوغدىن چاۋا-چاتقالغا تۇتاشقان ئوتنى ھەركىم كۆرىدۇ ۋە ۋاقتىدا ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، ئەمما كېچىدە ھەممە ئادەم ئۇيقۇغا كەتكەچكە، ئوت ئۇلغىيىپ يانغىنغا ئايلىنىدۇ. شۇڭا «نامازشامدىن كېيىن كۆل تۆكسە يامان بولىدۇ» نىڭ يامان يېرى شۇ ئىكەن.

**2. ئاكامنىڭ قورقۇنچى**

ياز كىرىش بىلەنلا مەھەللىمىز چىرايلىق بولۇپ كې-تەتتى، بولۇپمۇ مەھەللىمىزدىكى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتە-دىغان غول ئېرىقنىڭ بويىدىكى دەرەخلەر بۆلەكچىلا با-راقسانلىشىپ، ئەتراپىغا قويۇق سايە تاشلايتتى. ئىراق بىز يەنىلا ئويۇن قېپى بولغاچقا، بۇ گۈزەل مەنزىرىدىن ھۇ-زۇرلىنىشنى ئانچە بىلمەيتتۇق، ئەتىگەندىن كەچكىچە شۇ دەرەخلەرگە يامىشىپ ئويناشتىن باشقا ئىشىمىز يوق ئې-دى. بىر كۈنى ئاكام دەرەختىن پەسكە سىيرىلىپ چۈش-تى-دە، ئېرىق بويىدا تۇرۇپلا سۇغا سىيگىلى تۇردى. مومام بىر چەتتە ئويۇنىمىزغا قىزىقىپ قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئاكامنىڭ سۇغا سىيىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، دىڭگاھلاپ كەلگىنىچە ئاكامنىڭ كاسىسىغا ھاسا بىلەن نەچچىنى سالدى.

—ھۇي، بەغەرەز، سۇغا سىيسە يامان بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن!؟—دەپ ۋارقىرىدى ئاندىن.

ئاكام ھۆركىرەك ئېتىپ يىغلاپ كەتتى، ئۇ تاياق يې-گەنلىكتىن ئەمەس، «يامان بولىدۇ» دېگەن گەپنى «ھازىرلا دەھشەتلىك ئىش يۈز بېرىدۇ» دېگەندەك مە-نىدە چۈشەنگەنلىكتىن قورقۇپ يىغلىغانىدى.

—ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن، موما؟—دېدى ئاكام يىغلاپ تۇرۇپ.

—بۇنىڭدىن كېيىن سۇغا سىيمىسەڭلا ھېچ ئىش بول-مايدۇ،—دېدى مومام. كېيىن چۈشەنسەك ئاتا-بوۋىلە-رىمىزدىن تارتىپ ئېرىق-ئۆستەڭ ۋە كۆللەرنىڭ سۈيىنى ئىچىپ كەلگەچكە، ئەمەلىيەتتە «سۇغا سىيسەڭ يامان بولىدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى ئەل-ئاۋام ئىچىدىغان سۇنى بۇلغايسەن دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن.

**3. نان ھېكمىتى**

—ناننى بۇنداق ئۇۋۇتۇپ چاچساڭلار يامان بولى-دۇ،—دېدى مومام بىر كۈنى ھەممىمىزنى يىغىپ.

—نېمىشقا يامان بولىدۇ، موما؟—سورىدۇق بىز.

—نان ئۇۋاقلىرىنى دەسسىۋالغانلار قارىغۇ بولىدۇ، ئۇۋۇتۇپ چاچقانلارمۇ كور بولىدۇ،—دەپ بىزگە بىر مۇنچە تەربىيە قىلدى مومام. ئۇ چاغلاردا ئويۇنغا بەك بېرىلىپ كەتكەچكە، ئويۇن ۋاقتىدا تاماق يېيىشتىن قې-چىپ، يانچۇقلىرىمىزغا نان سېلىۋېلىپ شۇ ناننى غاجاي-دىغان خۇيىنى چىقىرىۋالغانىدۇق.

—ناننى داستىخاندا ئولتۇرۇپ پاكىز يېيدىغان، كەل-سە-كەلمەس يەردە ئۇۋۇتۇپ چاچسا يامان بولىدۇ با-لىلىرىم، بۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار،—دېدى مومام ئاخىرىدا. مومام شۇ چاغدا دىلىمىزغا ئاشلىقنى قەدىرلەش، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلماسلىق توغرىسىدا ئىلىم سالغان ئىكەن. ئايھاي، مومام رەھمەتلىك بۇنداق ھېك-مەتلەرنى قەيەردىن ئاڭلايدىغان بولغىيتتىكىن؟

**4. سەن نېمە؟**

—موما، موما،—دېدىم بىر كۈنى خۇددى چوڭ ئىشنى خەۋەر قىلماقچىدەك مومامنىڭ ئېتىكىگە يېپىشىپ.

—ھە، نېمە؟—سورىدى مومام ئېڭىشىپ.

—ئاۋۇ ساتتار ماڭقىنى بىز بىلەن ئوينىمايسەن دې-سەم، ئۇ يىغلاپ ئۆيىگە كەتتى.

—نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن!؟—مومام بىردىنلا قاپى-قىنى تۈردى،—ئۇ ماڭقا بولسا سەن نېمە؟

—مەن... مەن،—دۇدۇقلىدىم جاۋاب بېرەلمەي.

—خەقنىڭ يامان گېپىنى قىلما ھەم ئۇنداق كەمسىتمە، يامان بولىدۇ،—دەپ مومام ماڭا تەنبىھ بەردى.

—نېمىشقا يامان بولىدۇ، موما؟—سورىدىم مەن.

—خەقنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگەن بولسەن، ئاندىن ئۆرۈشسىلەر، ئاتا-ئانىلار ئارىغا كىرىدۇ، مەھەللىدە ئىناقسىزلىق، نىزا پەيدا بولىدۇ. كېيىن سېنى «ئەسكى بالا ئىكەن» دەپ ھېچكىم ئارىغا ئالمايدۇ، يالغۇز قالىسەن، يالغۇز قالغان بالىنى جىنلار ئازدۇرۇپ دەشت-چۆللەرگە ئېلىپ كېتىدۇ.

—ئۇنداق دېمىگىنە موما، مەن قورقۇدىكەنمەن.

—قورققان بولساڭ، ئەمدى خەقنى ئۇنداق دېمە بولامدۇ، — دېدى مومام بېشىمنى سىلاپ.

مومامنىڭ «يامان بولىدۇ»سىنىڭ مەنىسىنى بەزىدە شۇ يەردىلا چۈشەندۈرۈپ تەربىيە قىلىدىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى. ھازىر ئويلىسام موملىرىمىز شۇ دەۋرنىڭ ئالىملىرى ئىكەن.

**5. زاۋال ۋاقتىدا يىغلىسا**

بىر كۈنى مومامنىڭ قوشنىسى زىۋەر ھەدەم ئۆيگە كىرىپ، مومامغا نېمىلەرنىدۇر دەپ يىغلاپ كەتتى. مومام زىۋەر ھەدەمنىڭ گەپلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلىدى ـ يۇ، ئەمما ئارقىدىن:

—زاۋال ۋاقتى بولۇپ قالدى، زاۋال ۋاقتىدا يىغلىسىڭىز يامان بولىدۇ، بىر كىمنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگەن بولىسىز، — دېدى. زىۋەر ھەدەم دەرھال يىغىدىن توختاپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. مومام ئۇنىڭغا يەنە بىر مۇنچە گەپلەرنى قىلدى. مەن ئۇلارنىڭ دېيىشكەن گەپلىرىنى چۈشەنمەيتتىم. ئەمما بايىقى «زاۋال ۋاقتىدا يىغلىسىڭىز يامان بولىدۇ، بىر كىمنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگەن بولىسىز» دېگەن گەپتىن تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى. كىرسىن لامپا يېقىلغان ئۆينىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىدىن قانداقتۇر بىر مەخلۇقلار كۆزلىرىنى پال ـ پۇل قىلىپ قاراۋاتقاندەك بىلىنەتتى. يەنە بۈگۈن كىمدۇر ئۆلۈپ قالىدىغاندەك تۇيغۇ كاللامغا كىرىۋالدى. شۇ قورقۇنچتا كىچىچە مومامنىڭ بويىنىنى مەھكەم قۇچاقلاپ ياتتىم. لېكىن ئەجەبلىنىدىغان يېرىم «زاۋال ۋاقتىدا يىغلىسىڭىز يامان بولىدۇ» دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى ھازىرغىچە يېشەلمىدىم. بەلكىم ئۇ: كەچ بولۇپ مەھەللە جىمجىتلىققا چۆمگەندە يىغلىغان يىغا ھەممە ئادەمنى ئەنسىزچىلىككە سېلىپ قويىدۇ دېگەن مەنىدە ئېيتىلغاندۇ ياكى كەچتە يىغلىسىڭىز، ئەتىسى قاپاقلىرىڭىز ئىششىغان ھالەتتە قوپىسىز، ھەممە ئادەم چىرايىڭىزغا قارايدۇ، نېمە بولغانلىقىنى سوراپ خىجىل قىلىدۇ دېگەن مەنىدە ئېيتىلغاندۇ. ئىشقىلىپ بۇ «يامان بولىدۇ»نىڭمۇ شۇنداقراق بىر مەنىسى باردۇر دەيمەن.

**6. كەچتە تىرناق ئالسا**

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا مومامنىڭ تەنبىھلىرى يەنە باشلاندى.

—قارىغىنە قوللىرىڭغا، — دېدى مومام خاپا بولغاندەك، ـ ئاشۇ مەينەت قوللىرىڭ بىلەن قانداقمۇ تاماق يەيسەن؟ تىرناقلىرىڭمۇ ئۆسۈپ بىر غېرىچ بولاي دەپتۇ!

—قايچىنى تاپالمىدىم، — دېدىم مەن باھانە كۆرسىتىپ.

—دېرىزە تەكچىسىدە تۇرمامدۇ، ئويۇنغا قىزىقىپ ياخشىراق قارىمىغانسەن شۇ، — دېدى مومام.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قايچىنى ئېلىپ كەلدىم.

—نېمە قىلىسەن ئەمدى؟ — سورىدى مومام، — بۇ كەچتە تىرناق ئالساڭ يامان بولىدۇ. يۈگۈر، قولۇڭنى پاكىز يۇيۇپ تاماقىڭنى يە، تىرنىقىڭنى ئەتە كۈندۈزى ئال!

مەن مومامنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدىم. ئەمما كەچتە تىرناق ئالسا نېمىشقا يامان بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئەسلىدە ئۇ كەملەردە ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنلاردا ئۆيدە جىن چىراغ ياقىدىغان بولغاچقا، ئۇنداق غۇۋا يورۇقتا تىرناق ئالسا بايقىماي قولنى كېسىۋالىدىغان ۋە ئېلىنغان تىرناقلار چاچراپ كەتسە تاپالمايدىغان ئىشلار بولاتتىكەن. شۇڭا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز «كەچتە تىرناق ئالسا يامان بولىدۇ» دېگەن ھېكمەت ئارقىلىق كەچتە تىرناق ئېلىشقا چەك قويغانىكەن.

**7. ئەڭ توغرىسى**

بىر كۈنى كەچتە مومامغا:

—موما، بېشىمىزنى بۇياققا قىلىپ ياتايلىچۇ، — دېدىم كۈن چىقىشنى شەرەت قىلىپ.

—نېمىشقا شۇنداق دەيسەن؟ — سورىدى مومام.

—دېرىزىدىن چۈشكەن يورۇقنى كۆرۈپ ياتاي دېگەن....

—ئۇنداق ياتساق پۇتىمىز قىبلىگە قاراپ قالىدۇ، پۇتنى قىبلىگە قارىتىپ ياتسا يامان بولىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى مومام. شۇ چاغدا مومام بۇنىڭ مەنىسىنى دىنىي تۈستە چۈشەندۈرگەن ئىدى ۋە باشنى شىمالغا، پۇتنى جەنۇبقا قارىتىپ ياتسا ئەڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ مەلۇم ئىلمىي قىممىتى بارلىقىمۇ ئىلىم ـ پەندە شەرھلەندى. تېببىي ئىلىمدا پۇتنى جەنۇبقا قارىتىپ ياتقاندا جەنۇبىي قۇتۇپ ماگنىت مەيدانىنىڭ تارتىش كۈچى بىلەن بەدەندە قان ئايلىنىش راۋانلىشىپ، ئۇيقۇ سۈپىتىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلدى. ھازىر، دىنىي تۈس ئالغان بەزى «يامان بولىدۇ»لارنىڭ يەنە ئىلمىي ئاساسى بارلىقىنىمۇ شۇ چاغلاردا موملىرىمىز بىلەر بولغىيمىتتى؟ دەپ ئويلاپمۇ قالىمەن.

**8. كېچىدە نەرسە يېسە ۋە تاماق ۋاقتىدا گەپ قىلسا؟**

—موما، ھەي موما، ئۇخلاۋاتامسەن؟ ھە دېمەيسەنغۇ؟—دەپ مومامنى كېچىدە چاقىردىم مەن.

—ئوھوش، سەن بالىنى!—دەپ غۇدۇڭشىدى مومام ئۇيقۇلۇقتا،—ھە، نېمە گېپىڭ بار ئىدى بۇ كېچىدە ئادەمنى ئويغىتىپ، تالاغا چىقامتىڭ ـ يە؟—دەپ سورىدى ئارقىدىن.

—قورسىقىم ئېچىپ ئۇخلىيالمايۋاتىمەن، بىر نەرسە يەي دېگەن.

—بولمايدۇ، كېچىدە بىر نەرسە يېسە يامان بولىدۇ،—دېدى مومام.

مومام شۇنداق دېگەندىن كېيىن، مەنمۇ قايتا ئۈنۈمنى چىقارمىدىم. ئەتىسى ناشتا ۋاقتىدا مومامدىن:

—كېچىدە نەرسە يېسە قانداق يامان بولىدۇ؟—دەپ سورىدىم.

—تاماق ۋاقتىدا گەپ قىلما يامان بولىدۇ،—دېدى مومام يەنە.

ئارىدىن خېلى بىر پەس ئۆتۈپ مومام ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئېرىق بويىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇردى. مەنمۇ ئويۇنغا چاپتىم.

—توختا، بېرى كەل،—دەپ چاقىردى مومام،—ئېسىڭدە چىڭ ساقلا، كېچىدە نەرسە (تاماق) يېسە قانداق يامان بولىدىغانلىقىنى دەپ بېرەي: ئۇنداق چاغدا نەرسە يېسەڭ ئۇۋاق ياكى چېچىندىلىرى ياتىدىغان يەرگە چېچىلىدۇ، كۆرمەي دەسسەپ سالىسەن؛ ئۇنىڭدىن يەۋاتقان تاماققا ئۆمۈچۈك ياكى چىۋىن چۈشۈپ قالغان بولسا كېچىدە كۆرمەي يەپ سالىسەن؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كېچىدە يېگەن تاماق ئاسان سىڭمەيدۇ، ئەتىسى سېسىق كېكىرىپ قالىسەن...

مومام جىقلا گەپ قىلدى، ئەمما ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئىلمىي ئاساسى بار گەپلەر ئىدى، مەن بۇنى كېيىن ھېس قىلدىم. ھازىر ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكىلەر بەدەن ئەزالىرىنىڭ يېرىم كېچىگىچە يېمەكلىكلەردىن ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىش، يېرىم كېچىدىن كېيىن كېرەكسىز تەركىبلەرنى چىقىرىۋېتىش ھەرىكىتىدە بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا كېچىدە يېمەكلىك يېسە بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىۋېتىپ، يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ۋە كېرەكسىز تەركىبلەرنى چىقىرىۋېتىشكە تەسىر يەتكۈزۈپ، بەدەندە زەھەرلىك ماددىلارنىڭ يىغىلىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى قەيت قىلىۋاتىدۇ. قەدىمكىلەرنىڭ «كېسەللىك ئېغىزدىن كىرىدۇ» دېگىنى دەل مۇشۇنداق ئىلمىي بولمىغان ئوزۇقلىنىشقا قارىتىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، شۇڭا «كېچىدە نەرسە (تاماق) يېسە يامان بولىدۇ» دېيىش بۇ خىل ھالەتنى چەكلەشنى مەقسەت قىلسا كېرەك.

مومام گېپىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى:

—تاماق ۋاقتىدا گەپ قىلسا ئېغىزدىكى تاماق ھەر تەرەپكە چاچرايدۇ، باشقىلارنىڭ قاچىسىدىكى تاماقنى بۇلغايدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەۋاتقان تاماق گالغا تۇرۇپ قالىدۇ، بۇ بەك خەتەرلىك. شۇڭا كېچىدە نەرسە يېيىشتىن، كۈندۈزى تاماق ۋاقتىدا گەپ قىلىشتىن ساقلان بالام، ئۇقتۇڭمۇ؟—دېدى مومام ئاخىرىدا.

—ئۇقتۇم،—دېدىم مەن.

**9. ئادەمنى ئاتلىسا**

—باللار، ھەي باللار، باغقا بېرىپ كېلەمدۇق؟—دەپ بىر كۈنى مىرزات بىزنى قىزىقتۇردى،—ئاۋۇ سەيدۇللانىڭ ئۆرۈكى پىشاي دەپتۇ.

—مەن بارمايمەن، مومام خاپا بولىدۇ،—دېدىم مەن ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىپ.

—ئەخمەق، موماڭغا ئۆرۈك ئەكېلىپ بەرسەڭ موماڭ خۇش بولىدۇ.

—ساپسېرىق پىشقان ئۆرۈكلەر دېگىنە...

باللار شۇنداق دەپ مېنى قىزىقتۇرۇپ باشلاپ ماڭدى. باغدىن قايتىپ كەلسەم، مومام راستتىنلا خاپا بولغان ئىكەن.

—نەگە باردىڭ؟—دەپ سورىدى مومام قاپىقىنى تۈرۈپ،—مەن سېنى يىراققا كەتمەي ئوينا دېگەنتىمغۇ، باياتىندىن بېرى ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى!

—ساڭا ئۆرۈك ئەكېلىپ بېرىمەن دەپ باغقا بارغان،—دېدىم مەن مومامنىڭ ئاچچىقىدىن قورقۇپ ئارانلا.

—ئاكاڭ ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ، يۈر، بېرىپ كۆرۈپ كېلەيلى.

مومام دوپپامدىكى ئۆرۈككە قاراپمۇ قويماي مېنى ئېلىپ ماڭدى. ئۆيگە بارساق ئاكام راستتىنلا ياتقان ئىكەن، ئاپام بېشىدا يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

—ئاخشام تاماق يەۋاتقاندا ئاغىنىلىرى ئوينايمىز دەپ چاقىرىپ كىرىپتىكەن، شۇلار يەۋاتقان تامىقىغا بەك قاراپ

كەتكەن ئىدى، ئىچى كىرگەن چېغى، كېچىدىن بۇيان ياد-
ىۇرۇپ چىقتى،- دېدى ئاپام. مومام تۇرۇپ كېتىپ:
—يۇگۇر، سەن بېرىپ ئاۋۇ زىبىرنىساخاننى چاقىرىپ
كەل، ئاكاڭنى ئاشلاپ قويسۇن،—دەپ مېنى بۇيرۇدى
موموم. مەن ئاكامنىڭ نېرى يېنىدا ئولتۇراتتىم، ئىتتىكلا
ئورنۇمدىن تۇردۇم- دە، ئاكامنى ئاتلاپ بۇياققا ئۆتتۇم.
—ھۇ ئەدەپسىز!—دېدى موموم پاچىقىمغا بىر نەچ-
چىنى ئۇرغاندىن كېيىن،—ياتقان ئادەمنى ئاتلىسا يامان
بولىدۇ دەپ ساڭا نەچچە ئۆگەتتىم، قۇلىقىڭدا نېمىشقا
تۇتمايسەن!؟
—ئۇنتۇپ قاپتىمەن، موما...
—ئەمدى يەنە ئادەمنى ئاتلىساڭ، پۇتلىرىڭ قۇرۇپ
كېتىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟!
—ئۇقتۇم موما...
مەن يۇگۇرۇپ چىقىپ كەتتىم. ئەقلىمنى تاپقان چاغ-
لاردا بىلدىمكى، ئادەمنى ئۇلۇغلاش ئاتا- بوۋىلىرىمىز-
نىڭ چوڭقۇر ئەقىدىسى ئىكەن، شۇڭا ئادەمنى ئاتلىسا،
ئادەمگە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرسا، چوڭلارنىڭ ئالدىدىن
توغرا ئۆتسە، ئادەمگە قاراپ تۈكۈرسە، سىيسە، ئەسنىسە
ئەدەپسىزلىك دەپ قارىلىدىكەن. ئەمما بۇنداق ئەدەپ-
سىزلىكلەرنىڭ يەنە «يامان بولىدۇ»غا ياتىدىغان مەنى-
لىرىمۇ بار ئىكەن. مەن بۇ ھېكايەمدە ئادەمنى ئاتلىسا
قانداق يامان بولىدىغانلىقى ھەققىدىلا توختىلىمەن، قالغان
مەزمۇنلارنى چوڭلارنىڭ ئايرىم تەنبىھلىرى ئارقىلىق
چۈشەندۈرەي.
ئادەمنى ئاتلىسا يامان بولىدىغانلىقى قانداقتۇر بىر
چوڭ بالايىئاپەتتىن بېشارەت بولماي، ئاددىيلا بىر مەز-
مۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى ئادەمنى ئاتلاپ ئۆتكىچە
ئۇنىڭغا پۇتلىشىپ ئۇستىگە يىقىلسەن ياكى ئۇنىڭ بىرەر
يېرىنى دەسسىۋالسەن، بولۇپمۇ ئاغرىق ئادەمنىڭ ئۇس-
تىگە يىقىلساڭ ياكى بىرەر يېرىنى دەسسىۋالساڭ ئۇنىڭ
ئازابىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىسەن دېگەندىن ئىبارەتتۇر.
ئەمما كۆپىنچە ئاتا- ئانىلار بالىلارغا تەربىيە قىلغاندا
بۇنى چۈشەندۈرمەيدۇ، پەقەت «يامان بولىدۇ» دېگەن
تومتاقلا گەپ بىلەن قورقۇتىدۇ، خالاس.

**10. ئادەمگە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرسا ۋە ئۇھ تارتسا**

چوڭ ئاكامنى ئۆيلىمەكچى بولغاندا مەن خېلىلا ئەس-
تىلىك بولۇپ قالغاندىم. بۇ كۆز مەزگىلى ئىدى، دەرەخ-
لەردىن ئالتۇن رەڭ يوپۇرماقلار يەرگە چاچقۇ بولۇپ
تۆكۈلۈپ تۇراتتى. مېھمانلار كېلىشتىن ئىلگىرى ھويلى-
مىزغا كىگىزلەر سېلىندى، موموم كىگىزنىڭ تۆر تەرىپىگە
ئۆتۈپ ئولتۇردى، يۇگۇر- يېتىمگە مېڭىۋاتقانلارمۇ بىر-
دەم ئارام ئېلىش ئۈچۈن كىگىزنىڭ چەتلىرىدىن ئورۇن
ئېلىشتى. بىر چاغدا تاغامنىڭ قىزى ئايەتبۇۋى ھەدەم
«ئۇھ، مەنمۇ بىردەم ئارام ئالايچۇ» دەپ بېرىپ، دۈم-
بىسىنى ئولتۇرغانلار تەرەپكە قىلىپ، پۇتلىرىنى كىگىزنىڭ
سىرتىغا سوزۇپ ئولتۇردى.
—ھەي ئەدەپسىز!—دەپ ۋارقىرىدى موموم شۇئان-
لا،- بۇ قانداق ئولتۇرۇش ئەمدى، ئادەمگە ئارقىسىنى
قىلىپ ئولتۇرسا يامان بولىدۇ دېگەننى ئاڭلىمىغانما؟!
—خاپا بولما موما،—دېدى ئايەتبۇۋى ھەدەم قىزد-
رىپ. ئۇ ئورنىدىن ئىتتىكلا تۇرۇپ كەتتى. مومامنىڭ دې-
يىشىچە، مەيلى ئۆزىدىن چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ئا-
دەمگە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرسا يامان بولىدىكەن. بۇ-
نىڭ مەنىسى ئېھتىمال ئادەمگە بىھۆرمەتلىك قىلغانلىق
بولىدۇ دېگەنلىك بولسا كېرەك.
—يەنە ئېسىڭلاردا بولسۇن،—دېدى موموم ھەممەي-
لەنگە،—كىچىكلەر چوڭلارنىڭ ئالدىدا «ئۇھ» تارتسىمۇ
يامان بولىدۇ. چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئۇھ تارتىش «سىلەر-
نىڭ ئىشىڭلارنى قىلىپ ھېرىپ كەتتىم» دەپ مىننەت
قىلغانلىق بولىدۇ. چوڭلار كۆڭلىگە ئالىدۇ، مىننەت قىل-
غۇچى چوڭلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشىدۇ، چوڭلارنىڭ نە-
زىرىدىن چۈشكەنلەرنىڭ بەخت- تەلىيى ئوڭ بولمايدۇ...
چوڭ- كىچىك ھەممەيلەن مومامنىڭ ئاغزىغا قاراپ
شۈككىدە تۇراتتى. بەزى تۇغقانلار ئۆزلىرىدىن شۇنداق
ئەيىبلەر ئۆتكەن چېغى قىزىرىپ كېتىشتى. بولۇپمۇ ئايەت-
بۇۋى ھەدەم مومامنىڭ ئالدىدا «ئۇھ» دەپ سالغىنى ۋە
خەققە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرغىنى ئۈچۈن ھەممىدىن
بەك قىزىرىپ كەتتى.

**11. چوڭلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتسە**

مەھەللىمىزدە ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلار بولىدىغان،
ياز كۈنلىرى ئۇلار قايسىدۇر بىرىنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى
ئۈجمە ياكى قارىياغاچ تۈۋىگە جەم بولۇپ سايىدىغاچ
پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. بىرلىرىنىڭ قولىدا قوتاز قۇي-
رۇقىدىن ئىشلەنگەن چىۋىن قورۇغۇچ، بىرلىرىنىڭ قولىدا
تال- چىۋىقتىن ئېتىلگەن شوپۇڭ. گەپلىرى سىلىق، مۇ-
لايىم، خۇددى مەڭگۈ ئۆلمەي مۇشۇ مەھەللىگە زىننەت


2008.3

قوشىدىغاندەك ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى.

بىر كۈنى سەيدۇل شۇلارنىڭ ئالدىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتتۈپتۇ، بۇنى كۆرگەن ھەسەن تاغا ئۇنىڭ پاچىقىغا ھاسا بىلەن نەچچىنى سالپتۇ. ھەسەن تاغا بۇياققا ئەمدى كېلىۋاتقان ئىكەن.

— ھۇ بەدبەخ، داداڭ ساڭا چوڭلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتسەڭ يامان بولىدۇ دېگەننى ئۆگەتمىگەنمۇ؟! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئارقىدىن.

مەن سەيدۇل دەپ بەرگەن گەپنى دادامغا ئېيتتۇدىم دادام شۇئانلا:

— بوۋايلارنىڭلا ئەمەس، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتسە يامان بولىدۇ — دېدى.

— قانداق يامان بولىدۇ؟ — سورىدىم مەن يەنە.

— ئۇنداق قىلىق ئادەملەرنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولىدۇ، ئۇنداقلار قارغىش ئالىدۇ. قارغىش ئالغانلارنىڭ پۇتى قۇرۇپ كېتىدۇ، كۆزى ئەما بولۇپ قالىدۇ ياكى قولى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، ئىشقىلىپ بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرايدۇ. شۇڭا بالام ئېسىڭدە بولسۇن، سەن ھەتتا ئۆزۈڭدىن كىچىكلەرنىڭمۇ ئالدىدىن توغرا ئۆتمە. چۈنكى كىچىكلەرمۇ ئادەم، ئۇلارمۇ كۆڭلىگە ئالىدۇ — دەپ چۈشەندۈردى.

ھازىر شۇ ئىشنى ئەسلىسەم، مۇشۇ كۈنلەردە بۇنى بىلىدىغانلار زادى قانچىلىكتۇ؟ دەپ ئويلاپ قالىمەن.

**12. ئادەمگە قاراپ تۈكۈرسە**

قار قېلىن ياغقان بىر قىشتا ئۆگزىلەرنىڭ قارلىرىنى تولا ئېرىغداپ ھېرىپلا قالدۇق، سوغۇقمۇ خېلىلا كۈچلۈك ئىدى. ئاپام بىز ئۆگزىگە ياماشقان ھامان مەشلەرگە ئوتنى جىقلا قالىۋېتەتتى، بىز تۈرخۇندىن چىققان ئىستا قوللىرىمىزنى ئىسسىتاتتۇق. بىر كۈنى تۇرۇپلا دادامنىڭ دېگەن بىر گېپى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. دادام بىزگە: «بۇ سوغۇقلار سوغۇقمۇ، بىز كىچىك چاغلاردا تۈكۈرگەن تۈكۈرۈك يەرگە مۇز بولۇپ تورۇككىدە چۈشەتتى» دەپ بەرگەن ئىدى. مېنىڭ شۇ چاغدا سوغۇقنىڭ كۈچىنى سىناپ باققۇم كەلدى ۋە ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچىنى تۈكۈردۇم. ئالدىمدا قاراپ تۇرغان ئاكام بۇ قىلىقىمدىن ئاچچىقلاپ مېنى ئۇرۇپ كەتتى. كەچتە دادام ئاككىمىزنىڭ جېدەلنى سورىغاندا ئۇ:

— ماڭا قاراپ تۈكۈرگەن ئىدى، شۇڭا ئۇردۇم! — دېدى.

— تۈكۈرگەنگە نېمە بولاتتى؟! — دېدىم مەن. دادام شۇئان مېنىڭكىنى خاتاغا چىقىرىپ:

— ئادەمگە قاراپ تۈكۈرسە (ۋە يەنە سىيسە) يامان بولىدۇ — دېدى — ئادەم ئادەمنىڭ قايىشى، ئادەملەر بىر - بىرىنى يىقىلسا يۆلەيدۇ، شۇڭا ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئادەملەر ئۇلۇغ ھېسابلىنىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغ دەپ تۇرۇپ، يەنە ئۇنىڭغا قاراپ تۈكۈرسە، سىيسە قانداق بولىدۇ؟!

دادام يەنە بىر مۇنچە ئىشلارنى چۈشەندۈردى، دادامنىڭ چۈشەندۈرۈشى ماڭا چوڭقۇر تەربىيە بولدى، شۇنىڭدىن تارتىپ مەن ئادەملەرنى ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىنىۋالدىم.

**13. ئادەمگە قاراپ كېرىلسە، ئادەمگە قاراپ ئەسنىسە**

ئەتىياز كۈنلىرى نېمىشقىكىن، ئادەم ئېرىنچەكلەپلا تۇرىدۇ، بەدەنمۇ ھېلىدىن ھېلىغا كىرىشىدۇ. شۇنداق چاغدا تازا بىر كېرىلىۋالسا ئادەم ھوزۇرلىنىپ قالىدۇ.


بىر كۈنى بىزنىڭ ئىشىك ئالدىمىزدىكى ئورۇندۇقتا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرغان قوشنىمىز ياقۇپ ئاكامغا قاراپ كېرىلىۋىدىم، ياقۇپ ئاكام خاپا بولۇپ سۆزلەپلا كەتتى.

— ئادەمگە قاراپ كېرىلسە يامان بولىدۇ دەيدىغان گەپ بار، سەنزە چوڭ بولغانچە تازىمۇ بىر گۇمۇش بوپسەن! — دېدى ئۇ.

ياقۇپ ئاكامنىڭ گېپى ماڭا قوپال تەگسىمۇ، ئۇنىڭغا قاراپ كېرىلگەن گۇناھىم ئۆزۈمدە بولغاچقا، لام - جىم دېيەلمىدىم. چوڭلارنىڭ دېيىشىچە ئادەم ئادەمگە قاراپ كېرىلسە قوققى چاچرايمىشكەن. بىر ئادەمنىڭ قوققى يەنە بىر ئادەمگە چاچرىسا بەدەنلىرىنى بوشاشتۇرۇپ، لاسسىدە قىلىپ قويارمىشكەن، ئېغىرراق بولغاندا ئادەم بىر قىزىپ، بىر تىترەپ يېتىپ قالارمىشكەن. بۇنىڭ راست - يالغانلىقىنى مېدىتسىنا ئىلمى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما «ئادەمگە قاراپ ئەسنىسە يامان بولىدۇ»نىڭ ئىلمىي ئاساسىغا قاراپ، «ئادەمگە قاراپ كېرىلسە يامان بولىدۇ»غا بېرىلگەن تەبىرنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىپمۇ قالىمەن. ھازىر تېببىي ئىلىم ساھەسىدە «ئەڭ تېز يۇقىدىغان كېسەللىك - ئەسنەك» دەپ كۆرسىتىلدى. ئادەم ئادەمگە قاراپ ئەسنىسە ئۇ شۇئانلا قارشى تەرەپكە يۇقىدىكەن. مەن بۇنى ئەمەلىيەتتىمۇ كۆزەتتىم، توغرا چىقتى.

(ئاپتور: «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ پېنسىيونېرى)

# ئۇيغۇرلاردا ئات قويۇش



ئىمىن تۇرسۇن

ئات قويۇش قارىماققا، ئادەتتە ھەر كىشىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق شەخسىي ئىشىدەك بىلىنىدۇ. لېكىن ئەتراپلىق ئويلانغاندا، نام (ئات، ئىسىم) بىر شەخسنى يەنە بىر شەخستىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قويۇلىدىغان بەلگە (ئالامەت) بولۇپ، جەمئىيەتتە كىشىلەرئارا مالاقەتتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ئۇ شەخسلىكتىن ھالقىپ، ئىجتىمائىيلىق تۈسىنى ئالغاچقا، كەڭ مەنىدە ئىجتىمائىي مەسىلە دەيمىز.

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانا ئۇنىڭ ساغلام ۋە بەختلىك چوڭ بولۇشىنى، يارامliq ھەم داڭلىق ئادەم بولۇشىنى تىلەيدۇ، بۇ تىلىكىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن، تىلىكىنى ئات قويۇشتىن باشلايدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى كىشى ناملىرى مەنا ۋە خاسلىق جەھەتلىرىدىن مۇنداق ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنىدىكەن:

1.نوقۇل دىنىي ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ناملار. بۇنداق ناملار ئىنچىكە پەرقلەندۈرۈلگەندە يەنە ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ: بىرى، مەقلۇقاتنى ئاللا ياراتقان، ئادەم ئاللانىڭ قۇلى، دېگەن ئومۇمىي دىنىي ئەقىدە بويىچە، ئاللانىڭ 99 ئىسمى سۈپاتى (سۈپەتلىنىش ئىسملىرى)دىن بىرىنى ئۆز بالىسىغا نام قىلىشنى زۆرۈر، دەپ بىلىشتىن ھاسىل بولغان ناملار. بۇلار «ئابدۇ»، «ئۇبەيد» بىلەن باشلىنىدۇ. ئابدۇللا، ئابدۇراھمان، ئابدۇقادىر، ئابدۇقەييۇم، ئابدۇزاھىر، ئابدۇسەمەت دېگەندەك (ئەرەبچە ئىزاھات بويىچە، «ئابدۇل» دەپ يېزىلىشمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىخچاملىنىپ «ئابدۇ» دەپلا ئوقۇلىدۇ). بۇ سۆز ئەسلىدە «قۇل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ـ دە، «ئاللانىڭ قۇلى»، «راھماننىڭ قۇلى»، «قادىرنىڭ قۇلى»... دېگەنلىك بولىدۇ: يەنە بىرى، «قۇرئان كەرىم»دە زىكرى قىلىنغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسملىرىدىن، بولۇپمۇ پەيغەمبىرىمىزگە خاس بولغان ئىسملاردىن (مۇھەممەد، ئەھمەد، ماھمۇد...) تاللىنىلغان ناملار، مەسىلەن، ئەيسا، مۇسا، ياقۇپ، نۇھ، يەھيا، ئىدرىس، يۇنۇس ۋە باشقىلار. بۇنداق نام قويۇش ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن بارا ـ بارا كەڭ ئومۇملاشتى.

2. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى، ئومۇمەن تەبىئەتتىكى مۇقەددەس، قۇتلۇق دەپ بىلگەن شەيئىلەر، تىنلىقلارنىڭ ئىسملىرىدىن ئېلىنغان ناملار: 1) ھايۋانلارنىڭ ئىسملىرىدىن ئېلىنغان ناملار، مەسىلەن، يولبارس (بارىس)، بۇغا، بۇغرا، بۇقا، بۆكە، ياغان (پىل)، تايغان دېگەندەك؛ 2) ئۇچار قاناتلارنىڭ ئىسملىرىدىن ئېلىنغان ناملار، مەسىلەن، توغرۇل، شۇڭقار، لاچىن، بۇلبۇل دېگەندەك؛ 3) گۈل ـ گىياھلارنىڭ ئىسملىرىدىن ئېلىنغان ناملار، مەسىلەن، شەمشاد، چىنار، ئانار، رەيھان دېگەندەك؛ 4) تەبىئەت جىسىملىرىنىڭ ئىسملىرىدىن ئېلىنغان

ناملار، مەسلەن، ئالماس، ئالتۇن، كۈمۈش، ياقۇت، زۇمرەت، تۆمۈر دېگەندەك؛ 5) تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئىسىملىرىدىن ئېلىنغان ناملار، مەسلەن، يالچىن (چاقماق)؛ ياشىن، ئايدىڭ، يالقۇن، دولقۇن دېگەندەك. 6) كۆك (ئاسمان) جىسىملىرى ياكى سەييارە (پلانىت) لارنىڭ ئىسىملىرىدىن ئېلىنغان ناملار، مەسلەن، قۇياش، ئاي، زۆھرە (چولپان)، يۇلتۇز دېگەندەك.

3. سۈپەتلەش، قەدىرلەش، ياخشىلىق تىلەش خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ناملار. مۇنداق ناملارنىڭ تولىسى ئەرەبچە، پارسچە ۋە بىر قىسمى ئۇيغۇرچە سۆزلەردۇر. مەسلەن، زەيتۇنە، زەينۇرە(زىبى نۇر)، زەكىيە، پەرىدە، ئەزىزە، دىلبەر، دىلنۇر، دىلارە، نەۋاز، شەرىپە، ھەبىبە، ھەنىمە؛ قەھرىمان، قەيسەر، غەيرەت، قابىل، ئادىل، روشەن، نۇر، گۈلشەن، گۈلباھار دېگەندەك.

20 ـ ئەسىر كىرگەندىن كېيىن جەدىدلىك (يېڭىلىق ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە، كىشىلەر يېڭى ئىدىيۋى ئاڭنى قوبۇل قىلىپ، ئات قويۇشتىمۇ سىياسىي، ئىجتىمائىي مەنىلىك سۆزلەردىن تاللايدىغان بولدى. مەسلەن، ئەركىن، ئازاد، غالىب، ئەنۋەر، مىنەۋەر، ئازادەم دېگەندەك. ھەتتا ئىنقىلابىي شەخسلەرنىڭ ئاتلىرىنى قويۇشقا، بەزىلەر تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر، قەھرىمانلار، سىياسىيونلارنىڭ ياكى رىۋايەت ـ ئەپسانىلەردىكى ئەجابىي زاتلارنىڭ ئاتلىرىنى ئۆز بالىلىرىغا ئات قىلىشقا يۈزلەندى، مەسلەن، تېلمان، ئوغۇزخان، تۇمارىس، تۇغلۇق دېگەندەك. ئات قويۇشتىكى ئاشۇنداق تارىخىي ۋە ئاڭ ئېقىمىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئوخشاش ياكى ئوخشىشىدىغان، ھەتتا ئاھاڭداش، مەنىداش ئاتلار كۆپەيدى. بۇ ھال بالدۇر دىنىي ئەقىدە بويىچە تاللىنىدىغان ئاتلاردا تەكرارلىنىۋەردى. ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئات قويۇشتا سۆز تاللاش ئادىتى يوقىلىشقا يۈزلىنىپ، مەدەنىي ھەم سىياسىي مەنىلىك سۆزلەرنى ئات قىلىش ئومۇملاشقاندىن كېيىنمۇ، نامدىكى تەكرارلىق (ئاھاڭداش ھەم مەنىداش ئاتلار) تېخىمۇ كۆپەيدى.

بولۇپمۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش كەڭ يولغا قويۇلغان 30 يىلدىن بۇيان، كىشىلەر نامنىڭ يېڭىچە بولۇشىغا بېرىلىپ، يېڭى ـ يېڭى سۆزلەرنى (ھەتتا چەت ئەللەرنىڭ ئايرىم سۆزلىرىنى) ئات قويۇشنىڭ مەنبەسى قىلىدىغان بولدى. نەتىجىدە، ئۆزلىرى چۈشەنمەيدىغان غەلىتە سۆزلەرنى ئات قىلىدىغان بولدى. مەسلەن، ئالمىرە، ئىلمىرە، ئىلۋىرە، ئەھمەرە، كامىرا دېگەندەك.

بۇ توغرىدا ماڭا ئۇچرىغان ئەھۋاللاردىن بىرىنى مىسال قىلىپ بېرەي. يېقىن ـ يورۇقلاردىن بىر كىم ماڭا تېلېفون بېرىپتۇ: «بالىمىزغا كامىرا دەپ ئات قويايلى دېيىشكەندۇق، بىراق، مەنىسىنى ئوبدان بىلمەيدىكەنمىز... باشقىلار بالىسىغا كامران، دەپ ئات قويۇپتىكەن، چىرايلىق ھەم ئۆزگىچە ئاڭلىنىپ، كامىرا دەپ قويايلى دېدۇق...» ھالبۇكى، مەن ئويلىنىپ قېلىپ مۇنداق جاۋاب بەردىم: «كامېرا بولسا ئۆي، خانە (تۈرمىنىڭ يالغۇز كىشىلىك ئۆيى)؛ چاق، توپنىڭ يەل قاچىلايدىغان ئىچكى رېزىنكىلىق قىسمى دېگەن سۆز. كامران مەقسىتىگە يەتمەك، بەختلىك دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مېنىڭچە كامىرا بولمايدۇ، كامال، كاملە قويۇڭلار» دېدىم.

دەرۋەقە، ھەركىم ئاتنىڭ ئۆزگىچە ھەم پەرقلىق، ياخشى مەنىلىك بولۇشىنى خالايدۇ. ئەمما، مەنىسىنى سۈرۈشتۈرمەي، غەلىتە ۋە ئەجنەبىيچە سۆزلەرنى ئات قىلىۋېلىش توغرا ئەمەس. ئات قويۇش قارىماققا شەخسىي مەسىلە، ئەمما ماھىيەتتە ئىجتىمائىي مەسىلە. شۇڭا، قىچقىرىلىش ئىستېمالىغا، بولۇپمۇ بالا چوڭ بولغاندا، ھۆرمەت نامىنى ياكى سۈپەتلەش سۆزىنى قوشۇپ، ئاتىلىدىغانلىق تەرىپىگە جامائەت ئىچىدە كەڭ قوللىنىلىدىغانلىق تەرىپىگىمۇ، ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەسلەن، كۆر /كۆر ئاكا، ئۆز تۆرك ئاكا، قارلۇق ئاغا، ياغما ئاتا، كامىرا ئاچا. مۇنداق ئاتلار تېز ئېيتىلغاندا «كۆراكا، ئۆزتۆركا، قارلۇقاغا، ياغماتا، كامىراچا بولۇپ ئاڭلىنىدۇ.

ئات قويۇشتا كىشىلەردە ئۆز بالىلىرىغا ئۆتكەن چوڭلارنىڭ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ناملىرىنى ئات قىلىۋېلىشتىن مۇمكىنقەدەر ساقلىنىدۇ. بەزىلەر مۇنداق ئاتلارنى قويغاندا، بالىنى ئەيىبلەشكە توغرا كېلىپ قالسا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىمۇ قوشۇپ تىللىغاندەك بولۇپ قالىدۇ، دەپ ھەزەر ئەيلەيدۇ.

ئۇيغۇرلاردا، ئومۇمەن ئەر ـ خوتۇننىڭ ئاتلىرى ئېيتىلىشتىلا پەرقلەندۈرۈلىدۇ. مەسلەن، ئادىل، ئادىلە، پازىل، پەزىلەت، شەمس، شەمسىيە، رەھىم، رەھىمە، لېتىپ، لەتىپە دېگەندەك. ئاندىن يەنە ئەرلەرگە ئۆز ئېتىغا «ئاخۇن»، «جان»، ئاياللارغا «خان، ئاي»، «گۈل» ئۇيغۇرچە «خاتۇن» مەنىسىدىكى ئەرەبچە «نىسا» سۆزلىرىنى قوشۇپ ئېيتىدۇ. مەسلەن، توختى، تۇردى، تۇرسۇن توختى ئاخۇن، توختىگۈل، توختىنىسا، تۇرسۇنجان، تۇرسۇنئاي، تۇرسۇن ئاخۇن، تۇرسۇنخان دېگەندەك.

ئەل ئىچىدە مۇنداق بىر خۇراپىي چۈشەنچىمۇ بار: بالىغا ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ ناملىرى ئات قىلىپ قويۇلسا، ئۆز ئېتىنى كۆتۈرەلمەي قالىدۇ، دەپ پەرھىز قىلىدۇ. بۇ چۈشەنچە ھازىر ئانچە كۈچكە ئىگە بولماي قالدى. ئەگەر ئۇنداق بولسا، بالىلىرىغا پەيغەمبىرىمىزنىڭ نامىنى قويىدىغانلار چىققۇ؟ مەسلەن، مۇھەممەد، ئىبراھىم، رۇستەم دېگەندەك.

ئات قويغاندا، سۆزنىڭ مەنىسى بىلەن ھېسابلاشقاندىن باشقا، ئىجتىمائىيلىققا دىققەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

# لوقمان ھېكىمنىڭ ئۈگۈتلىرى



لوقمان ھېكىمنىڭ ئاتىسى ئەقىللىق ۋە زېرەك كىشى ئىكەن. ئۇ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلىدىكەن.

«كەمتەرلىك كامال تاپار، مەنمەنچى زاۋال تاپار»، «بىلىملىك ئايغا مىنەر، بىلىمسىز لايغا مىنەر» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلەر بويىچە پەرزەنت تەربىيىلەيدىكەن.

ھەزرىتى لوقمان ھېكىممۇ ئاتىسىدىن، داۋۇت ئەلەيھىسسالامدىن تەلىم ئالغاچقا ئەل ـ يۇرت ئىچىدە شۆھرىتى نامايان بوپتۇ. ھەزرىتى لوقمانمۇ «شاگىرت ئۇستازنىڭ نۇسخىسى» دېگەندەك، ئۇستازلىرىنىڭ ئىش ـ ئۇسۇلى بويىچە شاگىرت تەربىيىلەشكە كىرىشىدىكەن.

ھەزرىتى لوقمان ھېكىم دائىم «تۆھپە ــ ھەر بىر ئادەمنىڭ تىرىشچانلىقى، ئىزدىنىشچانلىقى، ئىجادچانلىقى ئارقىلىق تۆكۈلگەن ماڭلاي تەرلىرىدىن كېلىدۇ»، «ئىلىمدىن ئارتۇق بايلىق، نادانلىقتىن ئارتۇق پەقىرلىك يوقتۇر» دەپ شاگىرتلىرىغا تەلىم بېرىپ تۇرىدىكەن. ئۇ يەنە شاگىرتلىرىنىڭ زېھىن ـ قۇۋۋىتىنى، نەزەر دائىرىسىنى، تەپەككۇر قىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھېكمەتلىك سۆزلەردىن سوئال تەييارلاپ، ئۇنىڭ يەشمىسىنى ئويلىنىشقا قالدۇرىدىكەن.

ھەزرىتى لوقمان بىر كۈنى شاگىرتلىرىنى يىغىپ ئالتە سوئالنى چىقىرىپ، كېيىنكى ھەپتىدە ئۇنىڭ جاۋابىنى ئېلىشقا قالدۇرۇپتۇ. بۇلار:

1. ئالدىراقسانلىق نېمىگە، ئېغىر ـ بېسىقلىق نېمىگە ئوخشار؟

2. شاگىرت ـ ئۇستازنىڭ نېمىسى؟

3. ساختىپەز ئادەم نېمىنى تاپىدۇ، ئۇ نېمىدىن قاچىدۇ؟

4. نېمە ئۈچۈن ئارغىماقنى قەھرىمانغا، زۇلپىقارنى ئۇلىماغا بەرمەك كېرەك؟

5. پۇقرالارغا ھاكىم بولساڭ، ئەقلىڭ كىمگە ھاكىم بولۇر؟

6. ئەرلەرنى ھەم ئاياللارنىمۇ تېز قېرىتىدىغان نېمىدۇر؟

ھەزرىتى لوقمان ھېكىمنىڭ شاگىرتلىرى مۇشۇ ئالتە سوئالنىڭ ئىخچام يېشىمىنى تېپىش ئۈچۈن كۆپلىگەن كىتابلارنى كۆرۈپتۇ. كۆپ ئويلاش، كۆپ ئىزدىنىش قىپتۇ. ئەقىلدارلاردىن سەممىيلىك بىلەن ئەقىل سوراپتۇ.

لوقمان ھېكىم بىر ھەپتە توشقاندىن كېيىن شاگىرتلىرىدىن چىقارغان سوئالنىڭ يېشىمىنى بىر ـ بىرلەپ سوراپتۇ. شاگىرتلار ئالدىدىكى بەش سوئالغا توغرا يېشىم بېرىپتۇ، كېيىنكى ئالتىنچى سوئالغا بۇلار ئۈچۈن بىر مۇرەككەپ تۇرمۇش ساۋاقى بولغاچقىمۇ توغرا جاۋابىنى تاپالماپتۇ.

ھەزرىتى لوقمان ئالدىنقى بەش سوئالنىڭ توغرا يېشىمىنى ئاڭلاشقا باشلاپتۇ.

1. ئالدىراقسانلىق ئوققا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئوق يادىن ئېتىلدىمۇ ئۇنى ياندۇرماق مۇشكۇلدۇر. ئېغىر ـ بېسىقلىق قىلىچقا ئوخشايدۇ، چۈنكى ئۇنى خالىسا ئىشلەتكىلى، خالىمىغان چاغدا ياندا قويۇپ قويۇشقا بولىدۇ.

2. شاگىرت ــ ئۇستازنىڭ نۇسخىسى. چۈنكى ئۇستاز ھۇرۇن بولسا، شاگىرتى قاشاڭ بولىدۇ. شاگىرت ئۇستازدىن بىلىم ئالۇر، ياخشى ـ يامانىنى ئۇستازىدىن ئۆگىنۇر.

3. ساختىپەز ئادەم نادانىنى تاپىدۇ، بىلىملىكتىن

قاچىدۇ. چۈنكى ساختىپەز ئادەم ھىيلە ـ مىكىرگە تولغان بولىدۇ. قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇستا كېلىدۇ. شۇڭا نادانلارغا يولباشچى بولالايدۇ، ئۇلاردىن نەپ ئالالايدۇ. بىلىملىك، ئەقىللىق ئادەم ساختىپەز ئادەمنىڭ نىقابىنى ئاسانلا سېزىۋالالايدۇ. شۇڭا بىلىملىكتىن ئۆلگىدەك قورقىدۇ، بىلىملىكتىن قاچىدۇ.

4. نېمە ئۈچۈن ئارغىماقنى قەھرىمانغا، زۇلپىقارنى ئۆلىماغا بېرىش كېرەك دېگەندە دۆلەت ۋە پۇقرانىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىم دەپ ئادالەت كەمىرىنى بېلىگە مەھكەم باغلاپ، دۆلەتنى، پۇقرانى ياۋدىن ساقلاش ئۈچۈن ئىسسىق قېنىنى ئايىمايدىغان قەھرىمانلارغا ئارغىماقنى بېرىش يوللۇق. دۆلەتنى، پۇقرانى ئەمىن قىلىپ، ئۇلارنى ھەققانىيەت يولىغا توغرا باشلىيالايدىغان، ئادالەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئادالەت ئەلادۇر ـ دىنىدىن، كۆپرىدىن دېگەن ئادىل تارازىنى قولىدا مەھكەم تۇتالايدىغان كىشىلەرگە زۇلپىقارنى تۇتقۇزۇش كېرەك ھەم زۆرۈردۇر.

5. سەن پۇقرالارغا ھاكىم بولساڭ، ئەقلىڭ ساڭا ھاكىمدۇر. ئەقلىڭ ساڭا ھاكىم بولغاندا توغرا يولغا ماڭالايسەن، توغرا ئىش قىلالايسەن، ئەقلىڭ يولباشچىڭدۇر.

ئۇستازىم مەن بەش سوئالغا جاۋاب تاپقان بولسامۇ، كېيىنكى ئالتىنچى سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋابنى بېرەلمىدىم، كەچۈرگەيسىز. چۈنكى بىزلەر مۇستەقىل ئائىلە باشقۇرۇش باسقۇچىدا بولمىغاچقا ئائىلە، تۇرمۇش ساۋاتلىرىنى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدىكەن، ـ دەپتۇ شاگىرتى.

ھەزرىتى لوقمان ھېكىم شاگىرتىنىڭ يۇقىرىدىكى بەش سوئالغا توغرا جاۋاب بەرگىنىگە خۇرسەن بولۇپ، كېيىنكى بىر سوئالنىڭ جاۋابىنى كەمتەرلىك، سەمىمىيلىك بىلەن ئۆزى جاۋاب بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ.

ئەرلەرنى تېز قېرىتىدىغان ئۈچ ئىش، ئاياللارنىمۇ تېز قېرىتىدىغىنىمۇ ئۈچ ئىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئەرلەرگە كەلسەك 1. شەيتاننىڭ ۋەسۋەسى؛ 2. ئايالارنىڭ بېشەم، ھازازۇلى؛ 3. ئات، ئېشەكنىڭ قاشىڭىدىن ئىبارەتتۇر.

ئاياللارغا كەلسەك 1. ئوچاققا قالايدىغان ئوتۇننىڭ ھۆلى؛ 2. قىڭغىراقنىڭ گال ـ قاشىڭى؛ 3. مۆرىمەس، لامزەللى ئەرلەردىن ئىبارەتتۇر.

بۇلارنىڭ يېشمى تۆۋەندىكىچە: دىققەت بىلەن قۇلاق سالغايسىلەر، دەپتۇ ئۇستازى ھەزرىتى لوقمان ھېكىم.

1. شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى دېگىنىمىز شەيتان ھەمىشە ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش غەرىزىدىلا يۈرىدۇ. شەيتان: «مەن ئىنسانلارنىڭ گۆشى بىلەن تېرىسى ئارىلىقىغا كىرىۋېلىپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە ۋەسۋەسىگە سالدۇرۇپ ئازدۇرىمەن» دېگەن. شۇڭا ئىرادىسى ئاجىز، مەيدانى يوق، ئىككى يۈزلىمچى ئەرلەرنى يېتىشتۈرىدۇ. بۇنداق ئەرلەرنىڭ ئاقىۋىتى خۇدا بىزارى، ئەل بىزارى بولۇپ كۈنى تەسلىشىپ ھامات يولىغا ماڭىدۇ؛ 2. ئەر كىشى بېشەم، ھازازۇل ئايالغا يولۇقۇپ قالسا، ئەرنىڭ ئىشى ئوڭ كەلمەيدۇ. كۆڭلى غەم ـ قايغۇ، پەرىشانلىقتا ئۆتىدۇ. ھازازۇللۇقى ئۆرلەپ كۈنۈ تۈن جاپىلداپ ئۆينىڭ بەرىكىتىنى قاچۇرىدۇ؛ 3. ئات، ئېشەك ئائىلىدە ئەرنىڭ ئوڭ قانىتى ھېسابلىنىدۇ. ئات، ئېشەك دېھقانچىلىقتا تېخى يارىمسا، ئوتۇن، كۆمۈر، ئاشلىق توشۇشقا يارىمسا، بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن دەپ ئېغىناپ يېتىۋالسا ئائىلىدە ئەر كىشىگە ئېغىرچىلىق چۈشىدۇ ـ دە، ئۈچ نەرسىنىڭ بېسىمى ئېغىر كېلىپ ئەر كىشى تېز قېرىيدۇ.

ئاياللارنى تېز قېرىتىدىغان ئۈچ ئىش بولسا:

1. قالايدىغان ئوتۇننىڭ ھۆلى. ئاياللار ھەمىشە قازان بېشىدا بولۇپ، ئائىلە، بالا ـ چاقىلىرىغا ئاش ـ تاماق، چاي تەييارلايدۇ. يەنە كىر ـ قات، تازىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن سۇ ئىسسىتىدۇ. ئوتۇن ھۆل بولسا غىزا ۋاقتىدا پىشمايدۇ، چايمۇ ۋاقتىدا قاينىمايدۇ؛ 2. ئائىلىدە پىچاق، قىڭغىراق بولمىسا تېخىمۇ بولمايدۇ. غىزا ئېتىش توغرا كەلگەندە گۆش توغرىسا ئۆتمىسە، سەي ـ تاق توغرىسا كەسمىسە، بىلەشكە تېخى قۇربىتى يەتمىسە؛ 3. مۆرۈن، لامزەللە ئەر بولۇپ، ئائىلىسىنىڭ ھەممە ئىشى بىلەن كارى بولماسلىق، ئائىلىدە بالىلارنى تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلمەسلىك، ئائىلىدىكى بۇزۇلغان، چېقىلغان، گاللاشقان نەرسىلەرنى تۈزىمەسلىك بولۇپ، ئايالىغا بېشەملىك قىلىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئەرلەرنىڭ ئاياللىرى تېز قېرىيدۇ، دەپ جاۋابنى ئاياغلاشتۇرۇپتۇ.

ھەزرىتى لوقماننىڭ شاگىرتلىرى بالاغەت يېشىغا يېتىپ قالغانلار بولغاچقا، بۇ چىقارغان سوئاللار كەلگۈسى ئائىلىسى ئۈچۈن ئۆرنەك، باسقان قەدىمى ئۈچۈن مەشئەل بولۇپ تۇيۇلۇپتۇ. ئىلىم ـ بىلىمدىن ئارتۇق بايلىق، بىلىمسىز، نادانلىقتىن ئارتۇق پېقىرلىك يوق ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ توغرا چۈشىنىپ، ئۇستازىغا مىڭ تەشەككۈر ئېيتىپ قىرائەتخانىدىن ئۇزىشىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مارالبېشى ناھىيە ئاناركۆل يېزا چۈشۈ كەنتىدىن ياقۇپ ھوشۇر

توپلىغۇچى: پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇتى

# ئەلنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن چاقچاقچىلار*



ئابدۇرۇسۇل سىيىت

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

**ياقۇپبەگ پوچى**

ئۆتمۈشىمىزدە كەڭ دائىرىدە تونۇلغان لاپچى، پوچىلىرىمىزنىڭ ئۆتكەنلىكى مەلۇم، ئۇلارنىڭ توقۇغان لەتىپە ـ لاپلىرى، ھەتتا ناملىرىمۇ زامانىمىزغا يېتىپ كېلەلمەي ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. ئىلىنىڭ قىزىقچىلىق تارىخىدا ھازىرچە بىزگە نامى مەلۇم بولۇپ كېلىۋاتقان لاپچىلىرىمىزنىڭ بىرى ياقۇپبەگ پوچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چاقچاق ئىككى خىل ئەھۋالدا كىشىنى بەكرەك جەلپ قىلىدۇ. بىرى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنغان چاقچاق، يەنە بىرى تۇرمۇشتىن يىراق، بىمەنىچىلىك شەكلىنى ئالغان چاقچاق. ئىككىنچى خىل چاقچاق ھازىر بىز دەۋاتقان لاپلارنىڭ ئۆزى. لاپلار مۇبالىغە، كۆپتۈرۈش، بىمەنىلەشتۈرۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تۇرمۇشىمىزدا گويا بولۇۋاتقان ياكى بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار ئىشلاردەك ھېكايە شەكلىدە سۆزلىنىپ، كىشىگە كۈلكە، ئېستېتىك زوق بېرىدىغان قىزىقچىلىقنىڭ بىر تۈرى. بۇ تۈر بىزنىڭ مۇراسىم، ئۆرپ ـ ئادەت قوشاقلىرىمىزدا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئۇنىمىگەن چىغ تۇۋىدىن تۆرەلمىگەن توشقاننىڭ چىقىشى، پاشىنىڭ ھارۋىغا قېتىلىشى، بۇلبۇللارنىڭ تېزەك يېيىشى، تۈگمەن تېشىنى ئۈچ كۈنلۈك يەرگە ئېتىش، يېنى يوق قوڭغۇزنى يانغا تارتماي مىنىش، يىڭنىنىڭ ئۇچىغا چىقىۋېلىپ ئات ئىزدەش... ۋەھاكازالار.

ياقۇپبەگ پوچى ئۆز زامانىسىدا ئۆزىگە خاس ماھارەت بىلەن مىڭلىغان لاپلارنى توقۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە مەشھۇر بولغان. «پارىڭنى بىر ئاڭلىغان كىشى ئۇنىڭ چېۋەر، چاققان، ھازىر جاۋابلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمايتتىكەن» دەپ ھېكايە

قىلىشىدۇ، غۇلجا شەھىرىدىكى كۆپنى كۆرگەن چوڭلار.
قولىمىزدا ياقۇپبەگ پوچىنىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدا ئې-
نىق مەلۇمات يوق، ئاغزاكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا يا-
قۇپبەگ پوچى 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا غۇلجىنىڭ
ئۈچ دەرۋازا مەھەللىسىدە ئۆتكەنلىكى مەلۇم. يىللارنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ لەتىپە ـ چاقچاق، لاپلىرى ئۇنتۇل-
غان ياكى باشقىلارنىڭ نامىغا تەئەللۇق بولۇپ كەتكەن.
ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن لاپلىرىدىن پەقەت بىر
نەچچە پارچىنىلا مىسال كەلتۈرەلەيمىز. بىر قىسىم لاپلىرى
1969 ـ يىلى ئالمۇئاتادا رۇس تىلىدا نەشر قىلىنغان
«ئۇيغۇر ھەجۋىيلىرى» ناملىق كىتابقا، ھاياتى ھەققىدى-
كى تەخمىن مەلۇمات 1983 ـ يىلى ئالمۇئاتادىكى قازا-
قىستان س س س ر ناۋكا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر
قىلىنغان، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىلشۇناسلىق
ئىنستىتۇتى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تەرىپىدىن نەشرگە
تەييارلانغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ناملىق
كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.

## ئىشقىيار نامەت

خەلق قىزىقچىسى ئىشقىيار نامەت قەشقەر پەيزاۋاتنىڭ
قىزىلبويى دېگەن يېرىدىن بولۇپ، 1891 ـ يىلى كەمبەغەل
ھۈنەرۋەن (سوپۇنچى) ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1958 ـ يىلى
ئائىلىسى بىلەن غۇلجىغا كۆچۈپ چىققان. ئۆمرىنىڭ ئا-
خىرىغىچە غۇلجا شەھىرىدە سوپۇنچىلىق، قاسساپلىق بى-
لەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. 1981 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ
كۈنى 90 يېشىدا غۇلجا شەھەر تاجىۋاي مەھەللىسىدىكى
قورۇسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ياشلىقىدىن تارتىپ قىزىقچىلىق، ھەجۋىيلىكنى ئۆزىگە
خۇسۇسىيەت قىلىپ سىڭدۈرگەن ئىشقىيار نامەت تاكى
تۈگەپ كەتكەنگە قەدەر مۇشۇ ئالاھىدىلىكنى جارى قىلى-
دۇرۇپ، ئۆز ئەتراپىدىكى خەلق ئارىسىدا ئۇنتۇلغۇسىز
ئېسىل تەسىراتلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ
يىلتىزى تىرەن، مەنىلىك، ئىنتايىن سىلىق يۇمۇر ئىچىگە
يوشۇرۇنغان پاراڭلىرىنى ئاڭلىغاندا خۇددى نەسىردىن
ئەپەندى لەتىپىلىرىنى ئاڭلىغاندەك ھېسسىياتتا خىيالغا
چۆمۈپ قالاتتى ۋە ئاندىن ئىختىيارسىز كۆزلىرىدىن ياش
چىققۇچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشەتتى. نەس باسقان «مە-
دەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا ئادەملەر تارتقان جە-
بىرلەردىن ئۇمۇ نېسىۋىسىز قالمىدى. ئۇنىڭ جان بېقىش
يولىدا قىلغان ھالال كەسپى ۋە ئوقتى «كاپىتالىزم يولىغا
ماڭغان» قالپىقى بىلەن تارتۇۋېلىنىپ، ئاتالمىش «ئۆزگە-
رىش» كۈرسلىرىدا كۆپ رىيازەتلەرنى چەكتى. لېكىن شۇ
كەملەردە يېشى سەكسەنلەرگە تاقاپ قالغان ئىشقىيار ئاكا
ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ئىشقا سېلىپ، ئاقىلانە پىكىر يۈرگۈ-
زۈپ، زوراۋانلىقنى مەسخىرە قىلدى. بىگۇناھ پۇقرالارغا
ئۇرۇنسىز زۇلۇم سالىدىغان تۇرلۇك ئىجتىمائىي ھەرىكەت
ۋە ساختا تەشۋىقات تېزىسلىرىنى ئىخچام، چۈشىنىشلىك
ھەزىللىرى بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، ئاتالمىش «سىياسەت-
چى»، «نەزەرىيىچى»، «قابىلىيەتلىك تەشۋىقاتچى»لار-
نى ئوڭايسىز ھالەتتە قالدۇرۇپ، خەلقنىڭ دەرد ـ پىغانىنى
چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن يۇرت، خەلق ئالدىدا تېخىمۇ
شۆھرەتلەندى. ئىشقىيار نامەتنىڭ لەتىپىلىرى ۋاپات بول-
غاندىن كېيىن تېخىمۇ كەڭ تارالدى ۋە شاخلاندى. ئىج-
تىمائىي مۇھىتتا تۇرمۇش كەچۈرگەن ھەر بىر لەتىپىچى،
قىزىقچىغا ئوخشاش تەبىئىي ھالدا ئۇمۇ تۇرمۇشنىڭ ھەر-
قايسى تامانلىرىغا، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا تەپەككۇر كۆ-
زىنى سېلىپ، ھەزىل قامچىسىنى ئوينىتىپ ئاجايىپ مەنى-
لىك ئەقىل پاراڭلىرىنى، بەدىئىلىكى يۇقىرى لەتىپىلىرىنى
كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈندە
پۈتۈن ئىلى رايونى، پۈتۈن شىنجاڭغا ئىشقىيار نامەت
تونۇش بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ لەتىپە ـ چاقچاقلىرى
توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ سورۇنلىرىدا خۇددى نەسىردىن
ئەپەندى، ھېسام چاقچاقلىرىدەك تىلغا ئېلىنىدۇ، كۈلكە
پەيدا قىلىدۇ، كىشىلەرنى خىيالغا، قايىللىق تۇيغۇسىغا
سالىدۇ.

2003 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن
نەشر قىلىنغان «دۇردانە لەتىپىلەر» ناملىق كىتابقا
مول ـ ھوسۇللۇق يازغۇچى، شائىر، خەلق ئېغىز ئەدەبى-
يات تەتقىقاتچىسى ماخمۇت مۇھەممەد ئىشقىيار نامەتنىڭ
ھاياتى بىلەن 140 پارچە چاقچىقىنى كىرگۈزدى. بىراق بۇ
چاقچاقلار ئۆمرى قىزىقچىلىق بىلەن ئۆتكەن ئىشقىيار
نامەتنىڭ ئۇزاق يىللىق ھاياتىدا قىلغان پاراڭلىرىنىڭ پە-
قەت ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن. ئۆمرى
ئۈچ ھاكىمىيەتكە تەۋە ئۆتكەن بۇ ئەقىل ئىگىسىنىڭ
بىزگە مەلۇم بولمىغان، غۇلجا ۋە قەشقەر تەۋەسىدە بىز-
نىڭ قېزىشىمىز، رەتلىشىمىز، نەشر قىلىشىمىزنى كۈتۈپ
ياتقان، خەلق ئىچىدە تارىلىپ يۈرگەن يەنە نۇرغۇن لە-
تىپە ـ چاقچاقلىرىنىڭ بولۇشى تەبىئىي. ئىشىنىمىزكى بۇ
لەتىپە ـ چاقچاقلار جاپاكەش تەتقىقاتچى، ئىزدەنگۈچىلە-
رىمىزنىڭ قولى بىلەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم ئۆز
قەدرىنى تاپقۇسى. مەنىۋى مىراسلىرىمىزنىڭ ئۆلمەس

تەركىبىگە ئايلانغۇسى.

### بەرنز ناسىرۇپ

يېزىلىقلار ئادەتتە قىزىقچى، چاقچاقچىلارنى زاغرا تىل بويىچە «پاراڭچىلار» دەپ ئاتىشىدۇ. بەرنز ناسىرۇپ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئابرال ئېتىكىدە ئۆتكەن مەشھۇر پاراڭچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ 1883 ـ يىلى ئالمۇئاتانىڭ چېلەك رايونىغا قاراشلىق قورام يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇلارنىڭ تەكتى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ خۇداقۇلى (ئالتە ئۆي) يۇزىسىدىن بولۇپ، ناسىرۇپ ئائىلىسى 1881 ـ يىلدىكى چوڭ كۆچ ـ كۆچتە ئالمۇئاتاغا چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى. ئۆز يۇرتىغا بولغان تەخىرسىز تەلپۈنۈش، بېسىپ بولمايدىغان سېغىنىش ھېسسىياتى ئاخىر بۇ ئائىلىنى 1931 ـ يىلى ئانا ماكانى خۇداقۇلىيۇزى يېزىسىغا قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇلار قورغاس چېگرىسىدىن ئۆتكەندە خۇداقۇلىيۇزى يېزىسىدىكى يەر، سۇ ئىگىلىرىدىن بولغان روزى نەجمىدىن باشلىق يۇرت جامائىتى چىلپەڭزىگىچە ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئۇلارغا ئوتاقچىلىق ئۈچۈن يېتەرلىك سۇ، يەر ئاجرىتىپ بېرىپ ماكانلاشتۇردى.

بەرنز ناسىرۇپنىڭ قىسقىچە ھاياتى بىلەن چاقچاقلىرى 1995 ـ يىلى تۈزۈلگەن «غۇلجا ناھىيە خەلق چۆچەكلىرى»گە كىرگۈزۈلگەن. بىراق قىزىقچىمىزنىڭ تەرجىمھالىنى رەتلىگۈچى ئالتە ئۆيلۈك ئۆمەر مەرۇپ ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە تولىمۇ يەڭگىللىك، ئالدىراقسانلىق بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ ئۇنى 1905 ـ يىلى تۇغۇلغان دەپ ئالغان. ئۆتمۈش ھەققىدىكى ھەرقانداق خاتىرە بىزدىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بەرنز ناسىرۇپنىڭ قىز نەۋرىسى، مۇئەللىپنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىسى ئەختەربۇۋى مۇئەللىم خاتىرىسىگە: «بوۋام بەرنز ناسىرۇپ 1958 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى 75 يېشىدا، دادام يۇسۇپجان ناسىرۇپ (بەرنز ناسىرۇپنىڭ ئوغلى) 1969 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى 54 يېشىدا قازا قىلغان» دەپ ئېنىق پۈتۈپ قويغان. ئىشىنىمىزكى بەرنز ناسىرۇپنىڭ نەۋرىسى تەرىپىدىن پۈتۈلگەن بۇ خاتىرە بىزگە قىزىقچىمىزنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ماتېرىيال بولالايدۇ.

بەرنز ناسىرۇپ ئۆمرىدە مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ئادەم ئىدى. بۇ قارا قورساق، ساۋاتسىز كىشىنىڭ پەلسەپىۋى ھېكمەتلەرگە تويۇنغان ئاجايىپ پاراڭلىرى كەتمىنىنىڭ يالتىراپ تۇرغان بىسىدا ئەكس ئېتەتتى. ئۇ يەنە نامى بار ئاڭچى، ئوغلاق تارتىشىش ماھىرلىرىدىن ئىدى. ئابرال ئېتىكىدىكى يېزىلارنىڭ مەشرەپ بار، كۆلكە ـ چاقچاق بارلىكى يېرىدە ئۇ بار ئىدى. ئۇ ئەينى يىللىرى شەھەردىكى باباخان كورلار بىلەن خېلى قويۇق ئارىلىشىپ ئۆتكەن ئۇكام ئاداش بۇرادەرلەردىن ئىدى. خۇداقۇلىيۇزى يېزىسىدىكى (ئالتە ئۆي) 85 ياشلىق توختاخۇن بوۋاي ماڭا مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىدۇ:

«بەرنزكام رەھمەتلىك گەپ دېگەننى ئۇستىلىق بىلەن ئەگىتىپ شۇنداق چىرايلىق، كۆلكىلىك، ئوبرازلىق قىلاتتىكى، بىر ئاڭلىغان ئادەم نەچچە كۈنلەرگىچە كۆلكىسىنى باسالمايتتى. مەن ئۇنىڭ گېپىگىلا ئاشىق ئىدىم. بەرنزكام رەھمەتلىكنىڭ بىر گېپى زادىلا يادىمدىن چىقمايدۇ. بىر يىلى كۈزلۈك سىزۇننىڭ ئالدىراش پەسلىدە بوزدا قوش ھەيدەپ قالدىم. بۇ قانات ـ قۇيرۇقىمىز يېتىلىپ، كۆڭلىمىز ئاساۋ ئاتتەك چاپچىپ تۇرغان چاغلىرىمىز ئىدى. ئۇ زامانلاردا قوش ھەيدىسەك ئۆيگە ھەپتە ـ ھەپتىلەپ چۈشەلمەيتتۇق. مەھەللىدە توي قايناپ كېتىۋاتاتتى. قولۇم ئىشتا، كۆزۈم مەھەللىدە، كېتەي دېسەم تېخى بولمىغان. بىر كۈنى قوش ھەيدەۋاتسام بىر چىلان تورۇق ئاتنى زىگىن سىيرىپ مەھەللە تەرەپتىن يۇقىرى ئۆرلەپ چىقىپ كەلدى. ئۇدۇلۇمغا كەلگەندە قارىسام بەرنزكام. بەرنزكامغا سالام بەردىم:

ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، توختاخۇنمۇ سەن،ـــ دېدى ئۇ ئات ئۈستىدە يېنىچە تۇرۇپ،ـــ قوش ھەيدەۋېتىپسەندە؟

ـــ شۇنداق بەرنزكا، مەھەللە ئىچى تىنچلىقتۇ؟ـــ دەپ سورىدىم، كۆڭلۈمدە مەھەللىدە نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىشكە ئالدىراپ.

ـــ تىنچلىق بالام،ـــ دېدى بەرنزكام،ـــ ئاۋۋال ئاخشام ئېمىرەمزىنىڭ قىزى يېڭىغا يەتتى. سامساق مەزىننىڭ قىزىنى چەشلەپ قويغان، بۈگۈن ئۇسۇۋېتىدۇيەي، ئۇسۇۋېتىدۇ.

دادام رەھمەتلىك بەرنزكامدىن بىر نەچچە ياش چوڭ ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆڭلى بەك يېقىن ئىدى. پات ـ پات ھال ـ مۇڭ قىلىشىپ تۇراتتى. بىر كۈنى بەرنزكام بامدات نامىزىدىن يېنىپ پۇرام ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ھەممىمىز ئەتىگەنلىك ناشتىدا ئولتۇراتتۇق. ئۇ قىسقىلا سالام ـ سائەتتىن كېيىن دادامغا:

ـــ ئەسپەركا، بۈگۈن ئالدىڭغا داۋاغا كەلدىم،ـــ دېدى.

ـــ بېشىڭغا كۈن چۈشتىمۇ بەرنز، ـــ دېدى دادام.

—قارىمامسەن، بىزنىڭ ھىلقى ئالا بايتال (ئايالنى دېمەكچى) كېچىدىن بېرى سۈرەمنى ئەپقېچىپ چىقتى (جېدەل قىلدى)، ئەپقېچىۋېرىپ سۈرەمنىڭ ئىككى بېشى چۇۋۇلۇپ، بېشلا قالدى (نىكاھ قالدى)—دېدى.

—ئاپلا، چاتاق بوپتىغۇ بەرىز - دېدى دادام،—سەندىمۇ شۇ سۈرىمىڭگە خۇيى يامان ئاتنى قېتىۋالغىچە، ياۋاشراق ئاتتىن قاتسالڭ بوپتىكەن.

—نېمە دېگىنىڭ ئۇ—دەپ تېرىكتى بەرىزكام،—ھەممىلا ئادەمنىڭ ئېتى سېنىڭ بايتىلىڭدەك ياۋاش بولۇۋەرمەيدۇ - دە.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بەرىز ناسىرۇپ مانا شۇنداق ئادەم ھېس قىلمىغان يەرلەردىن پاتمانلاپ كۈلكە پەيدا قىلالايدىغان، يۈرۈش - تۇرۇشى، گەپ - سۆزلىرىدىن كۈلكە، يۇمۇر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر خەلق قىزىقچىسى ئىدى. ھايات، كىشلىك تۇرمۇشنىڭ ئۇزۇن، ئەگرى - توقاي يوللىرىنى بېسىپ ئۆتكەن بۇ چېۋەر، چاققان، ھازىر جاۋاب، يېتۇك تىل ئۇستىسى ھالاۋەتتىن كۆرە قىسمەت ۋە كۆڭۈلسىز كەچمىشلەرنى كۆپرەك ئۇلتىپات قىلىپ تۇرىدىغان دۇنيا ئىشلىرىغا قارىتا ئۆزىدە بىر خىل تەڭسىتەمەسلىك، ھەجۋىي كۆز بىلەن قاراش، قايغۇسىنىمۇ، خۇشاللىقىنىمۇ كۈلكە ئىچىگە يوشۇرۇشتەك يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتنى يېتىلدۈرگەن. ئۇنىڭ «ئويۇن - تاماشىغا، كۈلكە - چاقچاققا ئارىلاشمىغان ئادەمنى ئۆلۈكلەر قاتارىغا قېتىۋەر» دەيدىغان «مەشھۇر» سۆزىمۇ بار ئىدى. بەرىز ناسىرۇپ ئۆزىنىڭ بۇ تۇرمۇش پەلسەپىسىگە بىر ئۆمۈر ئەمەل قىلىپ ھەييارلىق، قىزىقچىلىقتا شۇ تۆگكۆرەكنىڭ بىگانە قەھرىمانىغا ئايلانغان. ئۇ كىشلەرگە روھىي ئازادىلىك، مەنىۋى لەززەت، چەكسىز كۆڭۈل خۇشلۇقى بەخش ئېتىدىغان، ئادەمنى چوڭقۇر - چوڭقۇر ئويلارغا سالىدىغان تۇرمۇشقا يېقىن، مەزمۇنى تېرەن، قىسقا، مەنىلىك، ئۆتكۈر پىكىر، ئاچچىق كىنايىلىك پاراڭلىرى، لەتىپە - چاقچاقلىرى بىلەن ئۆز ئەتراپىدىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ لەتىپە - چاقچاقلىرى ھېلىمۇ ياشلار ئارىسىدا ئولتۇرۇش، توي - تۆكۈن، بەزمە - باراۋەتلەردە پاراڭنىڭ بېشى، چاقچاقنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ كەلمەكتە.

## ياقۇپبەگ پوچى لاپلىرى

### سەن ئۇ يەردە يوق ئىدىڭ

ياقۇپبەگ پوچى بۇرادەرلىرى ئارىسىدا پو ئېتىشقا باشلاپتۇ:

—دوتەيىنىڭ ناھايىتى يامان، شاش بىر ئېتى بولىدىغان. مىنىپ كۆندۈرۈپ بەرسەڭ، دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. ئۆزۈمنىڭمۇ تازا كۈچكە تولغان تەلۋە چاغلىرىم ئىدى، ماقۇل بولدۇم. يۈگەنسىز ئاتنىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇستىگە بىر ئىرغىپلا چىقىۋالدىم. ئات ئۆزىنى قويۇۋەتتى - دە، شۇ ماڭغانچە غۇلجىنىڭ پۈتۈن سەھرالىرىنى ئايلىنىپ كېلىۋاتسام، يولدا ئىككى ئادەم ئاتلىق كېلىۋاتقانىكەن. ئوتتۇرىسىدىن قۇيۇندەك ئۆتۈپ كەتتىم. شەھەرگە يېقىن كەلگەندە ئاتنىڭ تىزگىننى شۇنداق تارتىۋىدىم، ئاغزى جىرتىلا قىلىپ قالدى.

— بېگىم ھوي، - دەپتۇ بىرەيلەن،— ئاتنىڭ بېشىدا يۈگەن بولمىسا، قانداقلارچە ئاغزى جىرت قىلىپ قالدۇ؟

—مەن ئاتنىڭ تىزگىننى تارتقاندا—دەپتۇ ياقۇپبەگ گەپ بەرمەي، سەن ئۇ يەردە يوق ئىدىڭ.

### قاسساپ بىلەن چارۋىچى

ياقۇپبەگ پوچى قاسساپلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر چارۋىچى بىلەن پو ئېتىشىپ قاپتۇ. چارۋىچى ياقۇپبەگ پوچىغا:

—كالامدىن بىر بۇقا تۇغۇلدى، ياتسا بىر مو يەرنى ئالىدۇ. ئوتتۇز مو يەرنىڭ چۆپىنى بىر كۈندە يەپ بولىدۇ. مەن بۇ بۇقىنى باشقا كالىلار بىلەن چېتىشتۇراي دېسەم، كالىلار كۆتۈرەلمەيدىكەن، دەردىسە بولدى، سېتىپ قويۇلاي دېسەم ئالىدىغان ئادەم چىقمايۋاتىدۇ—دەپتۇ. ياقۇپبەگ پوچى:

— ئۇنداق بولسا بۇقاڭنى ماڭىلا سات، ئۇنى مەن ئوتتۇز پارچە قىلىپ، توققۇز يەرگە كانار ئېسىپ، گۆشىنى بىر كۈندە تۈگىتىمەن—دەپتۇ.

— توققۇز كانارىدىكى گۆشنى سېتىپ ئۈلگۈرەلەمسەن؟—سوراپتۇ چارۋىچى ئەجەبلىنىپ.

— پۈتۈمنى يۆتكىمەي، ئۇيان - بۇيان ماڭماي تۇرۇپ،—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ياقۇپبەگ پوچى،—پىچىقىم بىلەن پارچىلاپ تۈگىتىمەن.

—ئۇ قانداق پىچاق، شۇنچە گۆشنى ماڭماي تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىۋېتىدىغان؟

—مېنىڭ بىر تۆمۈرچى ئاغىنەم بولىدىغان، ئۇنىڭغا ئەللىك قاداق ئاڭدا بىر پىچاق سوقتۇرۇۋېدىم، پىچاقنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ئۆگزىگە چىقىپ غىلاپقا سالىمەن. ھەرقانداق پولاتنى بىر ئۇرۇشتا كۇكۇم - تالقان قىلىۋېتىمەن.

—سەن ئاشۇرۇۋەتتىڭ،— دەپتۇ چارۋىچى،— ئۇنداقمۇ يوغان پىچاق بولامدۇ؟

ياقۇپبەگ پوچى دەپتۇ:

—سېنىڭ بىر مو يەردە ياتقان كالاڭغا ئاشۇنداق يوغان پىچاق بولمىسا قانداق سويغىلى بولىدۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چارۋىچى زۇۋان سۈرەلمەي قاپتۇ.

## تاۋۇز ھەققىدە گەپ بولغاندا

بىر يىلى بوزغا تاۋۇز تېرىۋېدىم، كاساپەت تاۋۇزنىڭ دانىسى ئۆينىڭ چوڭلۇقىدا ئوخشاپ قالدى. چاغلىماي بىر تاۋۇزنى ئاتقا ئارتىپ ساپتىمەن. جانىۋارنىڭ تۆت پۇتى قېقىپ قويغان قوزۇقتەك يەرگە كىرىپ كەتتى. ئامال قانچە، ئىككى ئات قېتىلغان ھارۋىغا بىردىن باستىم. خاڭغا ئەپچىقىپ پارچىلاپ ساتتىم. تاۋۇزنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بەگلىرىم كالاسكىغا ئولتۇرۇپ زىيارەتكە كەپتۇ. ئۇلارنى ئۆيۈمگە باشلاپ، ئون بىر ياشلىق بالامغا: «مېھمانلارنىڭ ئالدىغا تاۋۇزدىن پىچىپ قوي» دەپ بۇيرۇدۇم. ئۆزۈم مېھمانلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ دىققەت قىلماپتىمەن، بىر چاغدا قارا، دىگەندەك قىلدى. قارىسام تاۋۇزنىڭ ئازراق يېرى چوڭقۇر چاك تۇرىدۇ. بالام يوق، كۆڭلۈم بىر نەرسىنى سەزگەندەك قىلدى. تاۋۇزنىڭ يېرىقىغا سىنچىلاپ قارىسام بىر يول تۇرىدۇ. تەۋەككۇل دېدىم ـ دە، شۇ يول بىلەن بالامنى ئىزدەپ ماڭدىم. مېنىڭ ئۇ كەنجى تېيىممۇ كەپسىز، بەڭۋاشراق بالا بولغان. ماڭا ـ ماڭا بىر چاغدا ئۇنى كۆرۈپ قالدىم. قارىسام «ئايغا چىقىمەن» دەپ بىر تال تاۋۇز ئۇرۇقىغا مىنىۋېلىپ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپتۇ. بالامغا بىر مۇنچە نەسىھەتلەرنى قىلىپ يۈرۈپ، ئاران ئۆيگە ئېلىپ كېلىۋالدىم.

## موزىيىنى ئەگەشتۈرۈپ

يەنە بىر يىلى ئېتىزغا كاۋا تەردىم. مەن قىلمىغان شۇ ئىش قاپتىكەن. ئۇنىمۇ كۆرۈپ باقاي دېدىم. كاۋىلىرىم شۇنداق ئاينىپ، ئوخشاپ كەتتىكى، ماختىسام ئىشەنمەيسىلەر. كەڭلىكى نەچچە گەز، ئېگىزلىكى نەچچە ئادەم بويى كېلىدىغان كاۋىلارغا قاراپ ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم. ئۆيگە ئېلىپ كېتىشكە كۆزۈم يەتمەي ئېتىزغىلا تاشلاپ قويدۇم. كەچ كۈزدە كالامنى بېقىۋاتسام تۇيۇقسىز يوقىلىپ كەتتى. ئاقتىممۇ يوق، كۆكتىممۇ يوق. سۈتى يوق ئائىلىلەر باشقىلارنىڭ كالىسىنى باغلىۋېلىپ سېغىپ ئىچىدىغان ئادەت بار ئىدى. ناۋادا شۇنداق ئىش بولسا تېپىلىپ قالار، دىگەن خىيال بىلەن يېنىپ كەلدىم. ئەتىيازدا ئېتىزغا بارسام بىر يەردىن كالىنىڭ ئۆزۈپ ـ ئۆزۈپ مۆرىگەن ئاۋازى كېلىۋاتىدۇ. ئەسلىدە ئۇ يوغان بىر ئوخشىغان كاۋىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغانىكەن. قىشچە شۇ يەردە قىشلاپ، تۇغۇپ، بالىسىنى چوڭ قىلىپ، ھېكىمبەگنىڭ قىشلىقىدا يۈرگەندەك خاتىرجەم چىقىپتۇ. قارىسام موزىيىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىۋاتامدۇ. شۇنداق قىلىپ يىتۈپ كەتكەن كالامنىمۇ تېپىۋالدىم.

## ھېچكىم كۆرمىدى دېسەم

قاسساپلىق قىلىپ پۇل تاپقان كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، ئىگەر ـ توقۇمى بىلەن بىر ئات سېتىۋالدىم. كاساپەتنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالساڭ تىزگىن سىيرىپ تۇراتتى. دىۋىتىپ قويساڭ دۇلدۇلدەك ئۇچاتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئاتنى ئېلىپ كوچىغا چىقتىم ـ دە، بولۇشىغا قويۇۋەتتىم. بىر چاغدا قارىسام دەريا بويىغا يېقىنلاپ قاپتىمەن، ئالدىمدا تىك يار، ئاستىمدا دەريا، ئاتنى توختىتىۋېلىشقا كۆزۈم يەتمىدى. كۆزۈمنى يۇمدۇم، ئېتىمنى تىك ياردىن دەرياغا قارىتىپ سېلىۋەتتىم. جانىۋار ئات ئۇ قاتقا—چاپچال تەرەپكە قاراپ ئۇچتى. ئات ئۈستىدە لەپەڭشىپ كېتىۋاتىمەن. چارەك سائەتتىن كېيىن قارىسام دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ بوپتىمەن. ئۇھ دېدىم ـ دە، ئېتىمنى يورغىسىغا سېلىپ ئايلىنىپ قايتىپ كەلدىم. ئۆيگە كەلسەم بالىلىرىم تېخى ئورنىدىن تۇرماپتۇ. كوچىدا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيدۇ، دېگەنبىلەن دەريادا ئاتلىق ئۇچقۇنۇمنى ھېچكىم كۆرمىدى دەپ ئويلىدىم.

—نەدىكىنى،—دەپتۇ بىر كىچىك بالا،—سىز ئېگىز ياردىن ئۆتكەندە بۆكىڭىز دەرياغا چۈشۈپ كەتتىغۇ.

—ھۇ، خاراۋىش،—دەپتۇ ياقۇپبەگ پوچى،—ھېچكىم كۆرمىدى دېسەم، سەن كۆرۈپ قاپتىكەنسەن ـ دە.

## 2000 باغ بېدە

بىر قىزىقچى ياقۇپبەگ پوچىنى گەپكە سېلىپ:

—ئاغىنىلەر، ياقۇپبەگ 2000 باغ بېدىنىڭ ئۈستىدىن بىر سەكرىۋېدى، پۇتنى تەگكۈزمەي ئۇ تەرەپكە چۈشتى،—دەپتۇ.

—ھاي ئادىشوي،—دەپتۇ ياقۇپبەگ،—سەنمۇ شۇ يەردە قاراپ تۇرغانمىدىڭ؟

شۇ ئارىدا ئۈچىنچى بىرسى گەپكە لوقما ساپتۇ:

—قويۇڭلار پاختا گەپنى، ئادەم بالىسىنىڭ 2000 باغ بېدىنىڭ ئۈستىدىن پۇتنى تەگكۈزمەي ئۆتۈپ كەتكىنى نەدە باركەن؟

—بەرىبىر،—دەپتۇ ياقۇپبەگ،—مەن سەكرىگەندە

سەن ئۇ يەردە يوق ئىدىڭ.

### ئۆردەك ئېتىش

بۇرادەرلەر بىلەن پات-پات دەريا بويىغا ئوۋغا چىقىپ قالاتتۇق. باشقا ئوۋچىلار پىتىر مىلتىقلىرى بىلەن ئوۋ قىلسا، مەن كۆپرەك ماناپولكا ئېلىۋالاتتىم. بىر يىلى كۈزدە ئون نەچچىمىز ئۆردەك ئاتقىلى چىقتۇق. سازلىققا يېقىنلاپ بېرىشىمىزغا قومۇشلۇق ئىچىدىن بىر توپ ئۆردەك پۇررىدە ئۇچۇپ چىقتى.

— ھېكىم، ئاتە! — دېدىم مەن.

ئۇنىڭ مىلتىقىدىن ئىككى پاي ئوق ئېتىلدى-يۇ، بار-يوقى بىرلا ئۆردەك يەرگە چۈشتى. قارىسام ئۆردەكلەر يىراقلاپ كېتىشتى. بىر توپ ئۆردەكتىن ئاران بىرى چۈشكىنىگە ھەممىمىز ئەپسۇسلىنىپ قالدۇق.

«خەپ ئۆردەكلەر!» دېدىم مەن. كۆپ ئۆتمەي ھېلىقى بىر توپ ئۆردەك بۇلۇت بىلەن تەڭ ئۇچۇپ ئايلىنىپ كەلدى. مەن ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئۆردەكنى قارىغا ئېلىپ ئاتتىم. «تاڭ» قىلغان ئاۋازدىن كېيىن ھېلىقى ئۆردەك پوكلا قىلىپ چۈشتى. يەنە «تاڭ-تاڭ» قىلىپ ئىككى پاي ئوق ئېتىۋىدىم «پوك، پوك» قىلىپ ئىككى ئۆردەك چۈشتى. «تاڭ-تاڭ-تاڭ-تاڭ» قىلىپ كەينى-كەينىدىن ئاتسام «پوك، پوك، پوك، پوك» قىلىپ تۆت ئۆردەك چۈشتى. ھەش-پەش دېگۈچە ھېلىقى بىر توپ ئۆردەكنى تاغارلارغا قاچىلاپ يېنىپ كەلدۇق.

## ئىشقىيار نامەت چاقچاقلىرى①

### پىچاق ئۆتمىسە

بىر ئايال باشلىق ئىشقىيارغا ھال ئېيتتى:

— ئايال كىشى باشلىق بولسا قاملاشمايدىكەن، پىچىقى كەسمەيدۇ.

ئىشقىيار نامەت ئايالغا كۆيۈنگەندەك قىياپەتتە مەسلىھەت بەردى:

— پىچاق ئۆتمىسە قايچا بىلەن كېسىڭ!

### خىجىل بولۇپ چىقىپ كەتتى

بىر يىلى ئىشقىيار نامەتلەرنىڭكىگە ئوغرى كىردى. ئىشقىيار ھە دەپ قازاننى قومۇرۇۋاتقان ئوغرىنىڭ كەينىگە ئاستا كېلىپ:

— تۇۋىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ-ھە! — دېۋىدى، ئوغرى چۆچۈگىنىدىن ئالدى-كەينىگە قارىماي تالاغا ئۆزىنى ئاتتى.

— ئوغرىنى تۇتۇۋالمىغىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى ئايالى ئۇنىڭغا.

ئىشقىيار دېدى:

— تۇتۇپ نېمە قىلاي، ئۇنىڭسىزمۇ خىجىل بولۇپ چىقىپ كەتكەن تۇرسا.

### قۇرىغاندا بارىدۇ

ئىشقىيار نامەت يېزىغا چۈشكەندە ئىشلىتىشنىلا بىلىپ، ھالىدىن خەۋەر ئالمايدىغان بىر باشلىقنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ يېرىم كىچىگىچە سازلىق يەردە ئىشلەپ، لايغا مىلىنىپ قايتىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە يۇيۇقلۇق كىيىملىرىنىڭ قۇرۇشىنى كۈتۈپ ئۆگزىدە ئولتۇراتتى. تالادىن باشلىقنىڭ ئىشقا ھەيدەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۆزىگە سوئال نەزىرىدە قارىغان ئايالىغا ئىشقىيار ئۆگزىدە تۇرۇپ ئېيتتى:

— چىقىپ باشلىققا «ئىشقىيارنى يۇيۇپ ئۆگزىگە يېيىپ قويدۇم، قۇرىغاندا بارسۇن» دېگىن.

### ئىشقىيارنىڭ جاۋابى

زاۋۇت مۇدىرى ئىقتىدارسىز بولغاچقا ئىشچىلار ئالدىدا ئىناۋىتىنى يوقاتقانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئادەتتىكى بىر بۆلۈم باشلىقى زاۋۇتنى سورايتتى. بىر قېتىم مۇدىر ئىشقىيار ئىشلەۋاتقان سېخقا كىرىپ قۇرۇق گەپ سېتىپ ئولتۇردى. بىر چاغدا ئۇ ئىشقىيارنىڭ ئالدىدىكى بوياق قاچىلانغان بوتۇلكا بىلەن قۇرۇق بوتۇلكىنى بارمىقى بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ چەككىنىچە سورىدى:

— بىلەمسىز ئىشقىيار، نېمىشقا ماۋۇ قىلىدۇ پوك-پوك، ماۋۇ قىلىدۇ جاڭ-جاڭ؟

ئىشقىيار دەرھال سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب ياندۇردى:

— مۇدىر، سىز نېمىشقا چاپسىز سوك-سوك، بۆلۈم باشلىقى سۆزلەيدۇ جاڭ-جاڭ؟

### ئىككى ئەرۋاھنى كېپىل قىلىپ

بازاردىن يانغان ئىشقىيار نامەتكە مەست، باش-كۆزى يېرىلغان قوشنىسى يولۇقتى. قوشنىسىنى يۆلەپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ، يارىسىنى تاڭدۇردى-دە، ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى. يولدا ئېڭەكلىرىگىچە ئاپئاق داكا بىلەن تېڭىلغان مەستنى كۆرگەن مەھەللە مويسپىتلىرى سورىدى:

— ئىشقىيارئاخۇن، كىم بۇ ئۆزى؟

— ئۆلۈك، — دېدى ئىشقىيار نامەت، — ئىككى ئەر-

---

① ئىشقىيار نامەت چاقچاقلىرى — ماخمۇت مۇھەممەت توپلاپ نەشر قىلدۇرغان «دۇردانە لەتىپىلەر» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى

ۋاھنى كېپىل قىلىپ، بۇنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگىلى ئۇ دۇنيادىن ئېلىپ كېلىۋاتىمەن.

## ئاشلىق يۆتكەش كادىرى

ئىشقىيار نامەتنى بىر يىلى كادىرلار ھېلى يېزىغا چۈشۈرۈپ، ھېلى شەھەرگە ياندۇرۇپ كېلىپ، ئوتتۇرد ـ لىقتا ئۇنى نورما ئاشلىقنى ئۇياقتىن ـ بۇياققا، بۇياقتىن ـ ئۇياققا توشۇغىلى سېلىپ، كۆپ ئاۋارە قىلدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇشنىسگە يېرىم مشكاپ قوناقنى ئارتىپ يېزىدىن كىرىۋاتقان ئىشقىيارنى بىراۋ يولدا كۆ ـ رۈپ قېلىپ سورىدى:

ـــ ھە ئىشقىيار، خېلى بولدى كۆرمەيمىز، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

ـــ ئىشىم كاتتا، ـــ دېدى ئىشقىيار تەرىنى سۈرتۈۋې ـ تىپ، ـ يۇقىرىدىن كەلگەن كادىرلارنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۇ يىل ئاشلىق يۆتكەش كادىرى بولۇپ قالدىم.

## ئاغرىش

ئاپتوبۇستا كېتىۋاتقان ئىشقىيارنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇر ـ غان بىر قىز ئاپتوبۇس سىلكىنىپ توختىغاندا مۈدۈرۈپ تىزىنى تۆمۈرگە ئۇرۇۋالدى ـ دە، ئىڭرىغان ئاھاڭدا:

ـــ ئەيىۋۇ ـــ دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئىشقىيار نامەت قىزغا قاراپ كۆيۈنگەن تەلەپپۇزدا سورىدى:

ـــ نېمە بولدى قىزىم، بىر يەرلىرىڭىز خېنزۇچە ئاغ ـ رىپ كەتتىمۇ؟

## ھارۋام قەيەردە پىشىۋاتىدۇ

ھارۋىسى بىلەن گۆشلىرىنى تارتقۇزۇپ قويۇپ داغدا قالغان ئىشقىيار نامەت ئىسپانچىلارنىڭ قوماندانلىق شى ـ تابىغا بېرىپ كاتتىباشقا يالۋۇرۇپتۇ:

ـــ بالام، مەن ئۇششاق باللىق ئادەم، تىرىكچىلىك قىلىمەن، دەپ بىر قويۇمنى سويۇپ سېتىۋاتاتتىم. سىزنىڭ ئادەملىرىڭىز ئېلىپ كەتتى. رەھىم قىلىپ قايتۇرۇپ بەر ـ سىڭىز.

ـــ ھەي قاراڭغۇ بازارچى، ھايانكەش ئۇنسۇر، ـــ دەپ ۋارقىراپتۇ ئىسپانچىلار باشلىقى، ـــ سەن تېخى قايتۇرۇپ بېرىڭلار دەمسەنا؟ گۆشۈڭنى مۇسادىرە قىلدۇق، قازاندا پىشىۋاتىدۇ، مالڭ يوقال، ھېلى بىكار...

ـــ رەھمەت بالام، ـــ دەپتۇ ئىشقىيار نامەت، ـــ گۆ ـ شۇمغۇ قازاندا پىشىۋېتىپتۇ. بىراق بىلىۋېلىپ كېتەي، ھارۋام قەيەردە پىشىۋاتىدۇ؟

## پايدا چىقمىسا

بىر ئادەم ئىشقىيار نامەتتىن سوراپتۇ:

ـــ جازانىخور ئۆلسە دوزاخقا كىرەمدۇ، جەننەتكىمۇ؟

ئىشقىيار نامەت جاۋاب بېرىپتۇ:

ـــ ئاۋۋال جەننەتكە كىرىپ باقىدۇ، ئۇ يەردە پايدا چىقمىسا ئاندىن دوزاخقا كىرىدۇ.

## قۇياش ئىككى

مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىللىرىدە ئىشقىيار نامەتنىڭ مەھەللىسىدىكى بىر دېھقان ئۇنىڭغا ھال ئېيتىپتۇ:

ـــ نەچچە يىل بولدى، بۇغدايلىرىمىز كۆيۈپ كېتىپ بارىدۇ. بۇ نېمە ئىشتۇ؟

ـــ نېمە ئىش بولاتتى، ـــ دەپتۇ ئىشقىيار دېھقانغا چۈ ـ شەندۈرۈپ، ـــ ھازىر قۇياش ئىككى بولۇپ قالدى ئە ـ مەسمۇ!

## نېمە قىلىۋاتاتتىم

ئۆگىنىش كۇرسىدىكىلەرنى تاغقا ئېلىپ چىقىپ ئىككى ئاي ئۆزمەي ئەمگەككە سالغان دوپىگەي (كۈرەش، پىپەن، ئۆزگەرتىش) گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بىر كۈنى ئادەتتى بويىچە يىغىن ئېچىپ، «ئەكسلئىنقىلابچى»لارغا ئەجەللىك زەربە بېرىش توغرىسىدا تازا چېڭقىلىپ سۆزلەپتۇ. سۆز ـ لەۋېتىپ توساتتىن ئىشقىيار نامەتنىڭ گەپكە قۇلاق سالماي كۆڭۈلكىنى تىنتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، گېپىدىن توختاپ ۋارقىراپتۇ:

ـــ ئىشقىيار، نېمە قىلىۋاتىسەن؟

ـــ نېمە قىلىۋاتاتتىم، ـــ دەپتۇ ئىشقىيار بەخۇدۇك ھال ـ دا، ـــ ئىككى ئايدىن بېرى دىقسىراپ كەتكەن «ئەكسلـ ـ ئىنقىلابچى»لارغا ئەجەللىك زەربە بېرىۋاتىمەن.

## قىزىل كېكىردەكتىن يەتتىسى بار

ئۈستەلدە سۇرلۇك قىياپەتتە ئولتۇرغان باشلىقى ئىشقىيار نامەتتىن سوراشقا باشلاپتۇ:

ـــ ئۆيۈڭدە قانداق مۈلۈكلىرىڭ بار؟

ـــ تۆۋىقى بولمىسىمۇ بىر قازان، سەل قارىدىغان بىر كورا، لىڭشىپ تۇرىدىغان بىر شىرە، بىر چاي چۆگۈنى، ئالتە ـ يەتتە چىنە... ـــ ئىشقىيار ساناشقا باشلاپتۇ. باشلىق تېرىكىپ گۈركىرەپتۇ:

ـــ تولا قۇۋلۇق قىلماي يوغان ـ يوغانلىرىنى دە، بولمىسا...

ـــ بولىدۇ كادىر بالام، تازا يوغانلىرىنى دەي، سىزمۇ ئايرىم قەغەزگە يېزىپ قويۇڭ، ـــ دەپتۇ ئىشقىيار نامەت دەررۇ، ـــ ئۆيۈمدە ئىشقىياردىن نان تىلەپ يەيدىغان قـ ـ ىزىل كېكىردەكتىن يەتتىسى بار.

## مەيدان ئايرىش

ئۆگىنىش كۇرسىنىڭ ياتاقلىرىنى ئارىلاپ يۈرگەن باشلىق يېرىم يالىڭاچ بولۇۋالغان ئىشقىيارنى كۆرۈپ، ئەنسىزلىك بىلەن سورىدى:

— ھەي، ھەي، نېمە قىلماقچىسەن، نېمىشقا كۆڭلەكىڭنى سېلىۋەتتىڭ؟

ئىشقىيار نامەت مىيىقىدا كۈلۈپ دېدى:

— نېمە قىلاتتىم كادىر ئەپەندىم، كۆڭلىكىمنىڭ چېگرىسىغا كېلىۋالغان سىنىپىي دۈشمەنلەر ئاغدۇرمىچىلىق قىلىپ، كېچىچە ياتقۇزمىدى، شۇلاردىن مەيدان ئايرىۋاتىمەن.

## كادىرغا تەگمەيدىغان بومبا

شەھەر ئاھالىسىنى يېزىغا تارقاقلاشتۇرۇش «شاملى» باشلىنىپ، يىغىندا باشلىق تەشۋىقات تېزىسى بويىچە: «ھازىر ئۇرۇش بولۇش ئېھتىمالى بەك يېقىن. ئۇرۇش بولسا بومباردىمانچىلىق بولىدۇ. شۇڭا خەلقنى تارقاقلاشتۇرۇپ، ئامانلىقنى ساقلاش كېرەك...» دەۋاتقانىكەن، ئىشقىيار نامەت ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ۋاھ، مانا قاراڭلار، ئۇرۇش بولسا شەھەرگە چۈشىدىغىنى كادىرغا تەگمەيدىغان بومبىكەن - دە، ئۇ!

## مەنمۇ قىز تېرىپ قويدۇم

تاتلىق - تۇرۇم ئالاي دەپ ماگىزىنغا كىرگەن ئىشقىيار نامەت سودا قىلالماي ئۇزاق تۇرۇپ قاپتۇ. مال ساتقۇچى يىگىت ھە دېسىلا قىز - چوكانلارنىڭ قولىدىكى پۇلنى ئېلىپ، ئەركەكلەر تەرەپكە قارىمايدىكەن.

— ئىنىم،— دەپتۇ بىر چاغدا ئىشقىيار نامەت مال ساتقۇچىنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ،— مەنمۇ بۇ يىل بېغىمدىكى بوش يەرگە قىز تېرىپ قويۇۋېدىم، ھازىر ئىككى قۇلاق بوپ قالدى. قەنت - گېزىكىڭدىن ماڭىمۇ بېرىۋەتسەڭ، كېيىنچىرەك تەڭشىۋالارمەن.

## بىر بوتۇلكا هاراقتا...

ئىشقىيار نامەتنى «ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر» دەپ ئۆگىنىش كۇرسىغا ئەكىرىۋالغان خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئۇستەلنى مۇشتلاپ، ئۇنى سوراق قىلدى:

— راستىڭنى ئېيتامسەن - يوق؟

— بىلسەملا ئېيتاي،- دېدى ئىشقىيار نامەت.

— ئەمىسە ئېيتە قېنى، مۇشۇ شەھەردە ساڭا ئوخشاش ئەكسىلئىنقىلابچىدىن نەچچىسى بار؟

ئىشقىيار نامەت ھودۇقماي تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— بۇنى بىلمەمەن، بىر بوتۇلكا ھاراقتا قىرىق ئەكسىلئىنقىلابچى بار.

## قاغىنىڭ ئاۋازى

خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى دائىم «بىزگە بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇلبۇللىرى كېرەك ئەمەس» دېيىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ كوچىدىكى كانايدىن ئاڭلىنىۋاتقان «ئۈلگىلىك تىياتىر» ناخشىسىنى ماختاپ كېلىپ، ئىشقىياردىن:

— دەپ باقە، شۇ ناخشىنىڭ ئاۋازى نېمىنىڭ سايرىشىغا ئوخشايدۇ؟— دەپ سوراپتىكەن، ئىشقىيار نامەت دەررۇ:

— قاغىنىڭ سايرىشىغا،— دەپتۇ.

— ئەدەپسىز، نېمە ئۈچۈن بۇلبۇلنىڭ سايرىشىغا ئوخشايدۇ دېمەيسەن،— دەپ گۈركىرەپتۇ باشلىق تاتىرىپ.

— كەچۈرگەيسىز،— دەپتۇ ئىشقىيار خاتىرجەم ھالدا،— بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى چەكلىۋەتكىنىڭىز ئۈچۈن، سىزگە قاغىنىڭ ئاۋازى ياقسا كېرەك، دەپتىمەن.

## ئادەم چېلىۋاتىمىز

بىر سورۇندا تازىمۇ كۆرەڭ بىر يىگىت سازنى ساز قىلماي ھەدەپ لاپ سۆزلەپ، خەقنىڭ پەيزىنى ئۇچۇردى. بىر چاغدا ساھىبخان تالادىن كىرىپ ئەھۋالنى بايقىدى - دە، ئىشقىيار نامەتكە كۆزىنى قىسىپ:

— ئىشقىياركا، ساز چېلىپ ئولتۇرساڭلار بوپتىكەن،— دېۋىدى، ئىشقىيار دەرھال قولىنى كۆتۈرۈپ:

— تىنچ... پەيزىنى بۇزماڭ ئىنىم، بىز ھازىر ئادەم چېلىۋاتىمىز،— دېدى.

## كەرىشنىۋاي قىمىز

مەھەللىنىڭ بەڭۋاش يىگىتلىرى پۇۋىنى قىمىز دەپ ئىمامغا ئىچكۈزۈۋەتتى. بىر چاغدا ئىمام يېنىدىكى ئىشقىيار نامەتتىن سورىدى:

— ئىشقىيارئاخۇن، مۇنۇ نېمىغۇ جاننىڭ راھىتىكەن، بىراق رەڭگى بىر قىسىملا، راست قىمىزمىدۇ، يا؟...

باياتىن ئىمامنىڭ ساددىلىقىغا ئىچىدە كۈلۈپ ئولتۇرغان ئىشقىيار ئىمامغا ئېيتتى:

— ئىچۈۋېرىڭ تەقسىر، كەرىشنىۋاي قىمىز دېگەن مانا شۇ!

## خۇدايىم بۇيرۇسا سېنىڭ ئېرىڭ

لەغمەن سوزۇۋاتقان خوتۇنىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىشقىيار نامەت:

—ئىككى تەخسە يەۋەتمىسەم،—دەۋەردى. خوتۇنى كايىپ:

—خۇدايىم بۇيرۇسا دېسىلە،—دېسىمۇ پەرۋا قىلمىدى.

شۇ ئارىدا دەرۋازا قېقىلىپ، مەھەللە قوغداش ھەيئىتى ئۇنى چاقىرىپ ئېلىپ كەتتى. مەھەللە كومىتېتىدا يوقلاڭ دەۋاغا چېتىلىپ ئەلياتقۇغىچە ئاۋارە بولغان ئىشقىيار بىر چاغدا ئۆيگە يېتىپ كېلىپ، دەرۋازىنى قاقتى.

—كىم ئۇ؟—دېدى ئايالى ئەنسىز ۋارقىراپ. ئىشقىيار ئايالىدىن بەكرەك ئەنسىز ئاۋازدا جاۋاب قايتۇردى:

—ئىشكنى ئاچ خوتۇن، خۇدايىم بۇيرۇسا سېنىڭ ئېرىڭ.

**ئايلىنىپ يۇرۇپ سېتىۋېرىڭلار**

ئىشقىيار نامەت كوچىدا كېتىۋاتسا ئالدىدىن بويۇنلىرىغا ھەددىدىن زىيادە يوغان تاختاي ئېسىۋېلىپ سازايى قىلىنىپ يۇرگەن بىر نەچچە تونۇش ناۋاي چىقىپ قاپتۇ. ناۋايلاردىن بىرى ئىشقىيارغا كۆزىنى قىسىپ سالام قىلغانىكەن، ئىشقىيار نامەت ئاستا پىچىرلاپ ئۇنىڭغا دەپتۇ:

—راسا ئوقەتنىڭ پەيتىكەن، بوينۇڭلاردا تاختاي بولغاندىن كېيىن چانمايدۇ، ئايلىنىپ يۇرۇپ ناننى سېتىۋېرىڭلار.

## بەرىز ناسىرۇپ چاقچاقلىرى

**قۇلاق بىلەن كۆزنىڭ ئارىلىقى**

ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە بىرسى:

—بەزىر ئاكا، قۇلاق بىلەن كۆزنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك كېلەر؟—دەپ سورىغانىكەن، بەرىز جاۋاب بېرىپتۇ:

—قۇلاق دېگەن بارسا كەلمەس، كۆز دېگەن قاپاقنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولىدۇ. قۇلاقنىڭ كەينىگە كىرسەڭ بېرىپ كېلەلمەيسەن، كۆزگە يېقىن بولساڭ ئۆتىسەن.

**مۆتىۋەللى سايلاش**

مەھەللە جامائىتى مەسچىتكە مۆتىۋەللى سايلىماقچى بوپتۇ. خېلى كۆپ تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن بىر كىشىنى لايىق كۆرۈپتۇ. كۆپچىلىك بەرىزنىڭ پىكرىنى ئېلىپ باقماقچى بولۇپ ئۇنىڭدىن:

—سىزنىڭ قارىشىڭىز قانداق؟—دەپ سوراپتۇ.

—سىلەر دەۋاتقان كىشىنىڭ قولى شالاڭراق،—دەپتۇ بەرىز ئۇ كىشىنىڭ بوشاڭلىقىنى بىلگەچكە گەپنى يوشۇرماي،—جامائەت ئىقتىسادى قولىنىڭ ئارىلىقىدىن ئاسانلا چۈشۈپ قالىدۇ. قولىنىڭ ئارىلىقى قېلىنراق ئادەمنى سايلايلى.

**يىغىنچاق تايىنچا**

بىر يىلى بەرىز يوغان بىر تۇياق تايىنچىسىنى مال باققۇچىغا قوشۇپ بەرگەنىكەن. ئۇ ئۇنى «يىتۇپ كەتتى» دېگەن باھانە بىلەن يەۋاپتۇ. مالچىدىن كالىسىنى تىرىلدۇرۇۋېلىشقا كۆزى يەتمىگەن بەرىز قازىنىڭ ئالدىغا دەۋاغا بېرىپتۇ. قازى پادىچىنى تۆلەيدىغان قىلىپ قولىدىن ھۆججەت ئېلىپ بېرىپتۇ. قايتىپ كېلىۋاتسا دوقمۇشتا ئولتۇرغانلاردىن بىرى:

—نەگە بېرىپ كېلىۋاتىسەن بەرىز؟—دەپ سوراپتۇ. ئۇنىڭسىزمۇ جەھلى قېتىپ تۇرغان بەرىز قايناپ قاپتۇ:

—قارىمامسەن، قازىنىڭ ئالدىغا بېرىۋىدىم، تامەدەك يوغان تايىنچامنى يىغىنچاق قىلىپ بىر تۈگۈنچىگە چىگىپ بەردى، ئېلىپ كېلىۋاتىمەن.

**دوزاخ ئوتى**

ياشلارنىڭ بىرى بەرىزنى گەپكە سېلىپ:

—بەرىزكا، دوزاخ ئوتىنى يامان دەيدۇ، راست شۇنداقمىدۇ؟—دەپ سورىغانىكەن، بەرىز جاۋاب بېرىپتۇ:

—ئاپاڭنىڭ داداڭنى كۆيدۈرگەن ئوتچىلىكلا بار.

**روزا تۇتقانلارنىڭ قەدرى**

كوممۇنا ۋاقتىدا چوڭ قازاننىڭ تامقىغا تويمىغان بىر كىشى:

—بەرىزكا، چوڭ قازاننىڭ تامقىغا قورسىقىڭ تويۇۋاتامدۇ؟—دەپ سوراپتۇ.

—قورساقنىڭ توقلۇقىدىن،—دەپتۇ بەرىز،—روزا تۇتقانلارنىڭ قەدرىگە يېتىۋاتىمەن.

**تەقسىمات**

تەقسىماتتا ياردەمگە كەلگەن كادىرلار بەرىزدىن سوراپتۇ:

—بەرىزكا ھوي، دەپ باققىنا سەنچە تەقسىمات قانداقراق ئىشلىنىۋاتىدۇ؟

—تەڭ تەقسىماتچىلىق بولغاچقا،—دەپتۇ بەرىز،—چوتنىڭ تېشى نامەھرەم بولۇپ قالدى.

**ھالال بىلەن ھارام**

مەھەللىدە بولغان مەلۇم بىر تويىنىڭ مال تاپشۇرۇش چېيىغا قاتناشقۇچىلاردىن بىرى بەرىزدىن سوراپتۇ:

—بەرىز، ھالال بىلەن ھارام ئارىلىشامدۇ؟

—ئارىلاشماي،—دەپتۇ بەرىز،—مۇشۇ چاينىڭ ئۆزىدىلا نامەھرەم بولۇپ، پۇركەنچىسى ئىچىدە خېلى

چوڭ ئاربىلىشىدۇ. ئاربىلاشمىسا ئىككىسى قانداق چىقىشا-
لايدۇ؟

### دەرۋازا بولمىغان بولسا

بىر كۈنى بەرىنز باغدىن مېۋە يەپ چىقاي دەپ كىرگە-
نىكەن. باغۋەن دەرھال: «كېلىڭ» دەپ بەرىنزنى باش-
لاپ:«مۇنۇ ئالما، مۇنۇ شاپتۇل، مۇنۇسى ئالگىـــرات...»
دېگىنىچە باغنى قۇرۇق ئايلاندۇرۇپ، دەرۋازا ئالدىغا كەل-
گەندە: «خوش ئەمىسە، يەنە كېلىپ تۇرارسىز» دەپ ئۇ-
زىتىپ قويۇپتۇ. باغۋەننىڭ پەسىلىكىنى كۆرگەن بەرىنز:

ـــ باركاللا، ھېلىمۇ ياخشى دەرۋازا بولغىنى، بولمىسا
مېۋە يەپ قورساق يېرىلىپ كېتەركەن. بىر ئـۆلـۈمـدىن
قۇتقۇزۇپ قالغىنىڭىزغا رەھمەت ـــ دەپ كېتىپ قاپتۇ.

### نەق - نېسى

نەزىرگە كېتىپ بارغان بەرىنزنىڭ ئالدىغا بىرسى يو-
لۇقۇپ:

ـــ نەگە مېڭىشىڭ بەرىنزكا ھوي؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.
بەرىنز جاۋاب بېرىپتۇ:

ـــ خېلى بولغان نېسىگە ماڭغىلى، ئەمدى نەققە كېتى-
ۋاتىمەن.

### ياخشى ئىش

ياشلاردىن بىرى بەرىنزدىن:

ـــ بەرىنز ئاكا، ئەڭ ياخشى ئىش قايسى؟ ـــ دەپ سو-
رىغانىكەن، بەرىنز:

ـــ ئاغزىغا ماسكا، ئىشتانغا تاسما تارتقىنى ئەڭ ياخ-
شى ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

### باغ ياخشىمۇ، تاغ ياخشى

بىر سورۇندا كىشىلەر: «باغ ياخشىمۇ، تاغ ياخشى؟»
دېيىشىپ تالاش - تارتىش قىلىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ
قالغان بەرىنز دەپتۇ:

ـــ قوزا مەرەپ، قۇلۇن كىشنىگەندە تـاغ يـاخـشى،
كەپتەر ئۈنلەپ، بۇلبۇل سايرىغاندا باغ ياخشى.

### داپ چېلىشقا ئاسان بولىدۇ

مەھەللىدىكىلەر: «ھازىر قىز - ئوغۇل ئوبىيېكتى بو-
لۇشتۇق، دېيىشىپ تازىمۇ ھەددىدىن ئاشقىلى تۇردى. بۇ
قانداق قىلىق؟ نېمىدېگەن قاملاشمىغان ئىش؟» دېيىشە-
دىكەن.

ـــ بۇ ئىشلارنىڭ خاپا بولغىچىلىكى يوق، ـــ دەپتۇ
بەرىنز بىر كۈنى ئۇلارغا ـــ كاككۇك بىلەن زەينەپ قەپەس
چۆرگىلىسە، داپ چېلىشقا ئاسان بولىدۇ.

### سوئال - سوراقتىن قۇتۇلۇش

ئاخۇنۇم مەسچىتتە مەسىلە قىلىپ:

ـــ ساز بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ ـــ دەپتۇ.

ـــ ئاخۇنۇم، بۇ گەپنى ئوبدان دېدىلە، ـــ دەپتۇ بە-
رىنز، ـــ ھەر بىرىمىز بىردىن دۇتار ياستىپ، ئۆلگەندە
گۆرگە ئەكىرىپ قويساق، پەرىشتىلەرنىڭ سوئال - سورد-
قىدىن قۇتۇلۇپ قالىدىكەنمىز.

### ياسىننى ئوقۇغاندا

مەھەللىدە بىرسىنىڭ ئايالى قاتتىق ئاغرىپ، ئاش -
تاماقتىن قاپتۇ. بىمارنى يوقلاپ كىرگەن كىشىلەر «ياخشى
بولۇپ قالىدۇ» دېيىشىپ چىقىپ كېتىدىكەن. بىر كۈنى
ئۇنىڭ قوشنىسى بەرىنزكامالار ئۆيىگە كىرىپ:

ـــ بەرىنزكا باشقىلارنىڭ كۆڭۈل ياساپ دېگەن گەپلە-
رىگە ئىشەنگىلى بولمايدىكەن. تىللاخېنىـدەم كـۆزىـنـى
ئاچماي ياتىدۇ، سۇمۇ ئىچەلمەيدۇ، راست ياخشى بولۇپ
قالارمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ. بەرىنز دەپتۇ:

ـــ «ياسىن» نى ئوقۇغاندا ساقىيىدۇ.

MIRAS

### پۇتاق

مەسچىتتە بىرەيلەن:

ـــ ئاخۇنۇم، شەرىئەتتە نەزىر قىلىش بارمۇ؟ ـــ دېگە-
نىكەن، ئاخۇنۇم:

ـــ نەزىر دېگەن يوق، ئەمما خۇدايى نەزىر دېسە بو-
لىدۇ، - دەپتۇ.

ـــ باركاللا ئاخۇنۇم، ـــ دەپتۇ بۇ گەپنى ئاڭلىـغـان
بەرىنز.

جامائەت بۇنىڭغا ھەيران بولۇشقانىكەن، بەرىنز چۈ-
شەندۇرۇپتۇ:

ـــ ئەجەبلەنمەڭلار خالايىق، بۇ پۇتاق بولمىسا، بىزگە
پولۇ نەدە تۇرۇپتۇ.

### توخۇلار نېمىشقا چىللايدۇ

بىرسى بەرىنزدىن:

- بەرىنزكا، نېمىشقا ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە توخۇ-
لارنىڭ ھەممىسى تەڭ چىللايدۇ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

- ئەرلەرنى توخۇ چىللاپ ئويغاتمىسا ـــ دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ بەرىنز، ـــ ياختەكنىڭ چاڭگىلىرىدىن قۇتۇلالماي-
دۇ - دە.

### قىشتا قوغۇن ئۈزۈش

بەرىنز سۇپتايدىكى ① بۇرادەرلىرىگە قـوغـۇن -

---

① سۇپتاي - نىلقا ناھىيىسىگە قاراشلىق يېزا

تاۋۇزلىرىنى ئېسىگە بېرىۋېتىپ، ئۇزاققىچە پۇلىنى ئالال-ماپتۇ. ئۇ ئېسى قالغان پۇللىرىنى يىغىۋېلىش ئۇچۇن جالى- جالى سوغۇقتا سۇپىتايىغا بېرىپ كېلىۋاتسا بىر بۇرا-دىرى ئۇچراپ:

— مۇنچە قاتتىق سوغۇقتا نەدىن كېلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سۇپىتايىغا قوغۇن تېرىپ قويۇۋىدىم، — دەپتۇ بە-رىز، — پىشقىنىنى ئۈزۈپ، پىشمىغىنىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قويۇپ كېلىۋاتىمەن.

### گۇناھ ئاتقا ئۆتۈپتۇ

مەھەللىدىكى تازىمۇ تىرەتەك بىر دېھقان خامانىدىن هارۋىغا مەگگەن بېسىپ كېلىۋېتىپ، هارۋىنى ئۆرۈپ قو-يۇپتۇ - دە، يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بەرىزنى كۆرۈپ قې-لىپ:

— قارىساڭا بەرىزكا، مۇنۇ ئاتنىڭ ئەقىلسىزلىكىنى، هارۋىنى دۈم كۆمتۈرۈپ مېنى هارغىچە جاپادا قويدى، — دەپ ئاتنى ئۇرۇپ كېتىپتۇ.

— ئوبدانىراق باشلا بۇنى، دەپتۇ بەرىز، — سەن تۇ-رۇپ گېپىڭگە كىرمەي هارۋىنى ئۆرۈۋەتكەندىن كېيىن، گۇناھ راست سەندىن ئاتقا ئۆتۈپتۇ.

### قارچىغا

كىشىلەر مەھەللە دوقمۇشىغا توپلىشىۋېلىپ:

— ئىلاخۇننىڭ قارچىغىسى كۆرۈنگەن جانىنى ئالىدى-غان بوپ كېتىپتۇ — دەۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە بەرىز ناسرۇپ كېلىپ قاپتۇ - دە، دەپتۇ:

— شۇنداق، كۆرۈنگەن جانىنى ئېلىۋەرگەچكە قورۇ-سىدا هالالغا توخۇ، هارامغا مۈشۈك كۆرۈنمەيدۇ.

### سار بېيە

بەرىز ئېتىز - ئېرىقتا لازىمى بولۇپ قالار دەپ ناھا-يىتى ئوبدان بىر ئات قىلىۋالغانىكەن. ئەتىيازدا مالـلار يايلاققا ماڭغاندا مال باققۇچى كېلىپ: «سار بېيەڭنى مەن بېقىپ بەرسەم» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. بەرىز بېينى قوشۇپ بېرىپتۇ. مالچى ئايدا بىر كېلىدىكەن. بەرىزنى كۆرسە: «سار بېيەڭ قىلىقسىز سەمرىپ كەتتى» دەيدىكەندە، ھەر كەلگىنىدە چېلاشقىدەك مېھمان بولۇپ كېتىدىكەن. ياز ئۆتۈپ كۈز كەپتۇ. بىر كۈنى بەرىز بامداتقا تاھارەت ئالاي دەپ تالاغا چىقسا، سار بېيە هويلىدا باغلاقلىق تۇرغىدەك، قارىسا يايلىدىن تارتىپ قۇيرۇقىغىچە يېغىر بولۇپ كېتىپ-تۇ. بەزىر ئاچچىقى كېلىپ ئۇنى قويۇۋەتكەنىكەن. پۇرام قارىياغاچلىققا كىرىپ ئۆزىنى سۈركەشكە باشلاپتۇ. قوش-نىلاردىن بىرسى كېلىپ:

— بەرىز، بېيەڭنى ئەكەلدىمۇ، ئوبدان كەلگەندۇ-ھە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇستا مالچى ئىكەن، — دەپتۇ بەرىز، — ھەرە چىشى قىلىپ ئەكەپتۇ. ئۇ ھازىر ئىبراھىمنىڭ قارىياغاچلىقىدا پەن تارتىۋاتىدۇ.

### سەكرىسەڭلا چۈشىسەن

بىر يىلدا مەھەللىگە ناھىيە بازىرىدىن خىزمەت ئەت-رىتى چۈشۈپتۇ. ئەترەت تەركىبىدە ياش، قاملاشقان بىر چوكانمۇ بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىر غېرىچلا كېلىدىغان كوپ-تا - يوپكىسى، غەلىتە يۈرىدىغان قىلىقلىرى يېزىلىقلارنىڭ كۆزىگە سىغماپتۇ. بىر كۈنى بەرىز يولدا كېلىۋاتقانىكەن، هېلقى ئايال ئۇنىڭ ئالدىدىن تاكاسلاپ ئۆتۈپ قاپتۇ. ئايال ئۆتۈپ كېتىشىگە بەرىز يول ياقىسىدا تۇرغان ياش يىگىتكە ئۇنى ئىشارە قىلىپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— كۆردۈڭمۇ بالموي؟

— نېمىنى؟

— باغ شورىسى ئوچۇق تۇرۇپتۇ، سەكرىسەڭلا چۈ-شىسەن.

### ئالدىڭغا كەلدى، يەۋەرگىن

— جۇماخۇنكام قايتىش بولغاندا، — دەپ سۆزلەپ بې-رىدۇ توختاخۇنكام ئاقساقال، — جۇمە نامىزىدىن قايتىپ، يەتتە نەزىر نەسىگە كىردۇق. جامائەت بىر چىنىدىن ئوماچنى ئىچىپ، پەتنى تۈگىتىپ قايتاي دەپ تۇرغانىنىڭ ئارىلىقىدا، ساھىبخان مەززىلىك پىشۇرۇلغان قازان كاۋىسىدىن ئېلىپ كىرىپ، ئالدىمىزغا قويۇپ قويدى. كاۋا شۇنداقمۇ تاتلىق، گۆشلۈك ئىدى، سىدىق ئىمام تېتىپ كۆرگەندىن كېيىن ئاغزىدا قالغان بولسا كېرەك، ماختاپ قالدى:

— ۋاھ، ئالامەت تاتلىق تائام بوپتا بۇ، نەچچە ۋاقىت-تىن بېرى نەلەردە قالغان بولغىيتتى؟

— نەدە قالاتتى ئىمامئاخۇن، - دەپ چۈشەنچە بەردى ئىمامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان بەرىزكام دەرھاللا، — بۇ تاماق ئەسلىدىلا داستىخىنىمىزدا بار ئىدى. مۇشۇ پولۇ دېگەن دېگەن زومىگەر، چۆپ ئاش، لەغمەن دېگەن پومېشچىكلار باش كۆتۈرگىلى قويمىغان. مانا ئەمدى شاھىپەتتا دېگەن ئوغۇل بالا چىقىپ ئۇلارنى چۆكۈرۈپ، بۇنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈپ قويۇۋىدى، ئالدىڭغا كەلدى. ئەرخىنى سورىماي يەرۋەرگىنە!

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(ئاپتور: غۇلجا شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسىدا)

2008.3




# تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى «نورۇز» بايرىمىنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە قىممىتى

بۇنىڭدىن 26 ـ 30 ئەسىرلەر ئىلگىرى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ راۋاج تېپىشى، ئىپتىدائىي جەمئىيەت يىمىرىلىپ قۇللۇق ئاساسىدىكى ئولتۇراق شەھەر ھاياتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، سوغدى، خۋارىزم، باكتىرىيە، كۆك تۈرك، ئۇيغۇر ئۇرخۇن خانلىقى قاتارلىق خانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يېڭى دىنىي قاراشلارنىڭ شەكىللىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن يېڭى دەۋرگە خاس تۇرمۇش مەنزىرىسىنى ئىپادىلەيدىغان خىلمۇخىل بايرام ـ مۇراسىملار ۋۇجۇدقا كېلىشكە باشلىغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىككە كۆچۈش ئارقىسىدا يىلنىڭ ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەسىللىرىدە تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسلانغان تۈرلۈك بايرام ۋە مۇراسىملارنى يولغا قويغان. بۇ بايرام ـ مۇراسىملار قۇلدارلىق تۈزۈمى دەۋرىدە جامائەت ئىشلىرىنى تەشكىللەش بىلەن ئالاقىدار بولغانلىقتىن، ئەينى دەۋردە زور ئىجتىمائىي ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. «بۇ بايرام ـ مۇراسىملار ئىچىدە ئەڭ كاتتىسى ۋە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدىغىنى «نورۇز» بايرىمى ئىدى» ①.

«نورۇز» سۆزى ئەسلىدە ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ پارسچە سۆز بولۇپ، «نەۋ» (يېڭى) سۆزىگە «زور» (كۈن) سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تەركىب تاپقان. ئۇ «يېڭى كۈن»، «يىل بېشى»، «باھار يامغۇرى»، «تۇنجى باھار يامغۇرى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز «قەدىمكى سوغدى تىلى ئارقىلىق تۈركىي خەلقلەرگە ئۆزلەشكەن. «نورۇز» قەدىمكى تۈركچە ئاينىڭ ئېتى بولۇپ، قەدىمدىن باشلاپ مۆچەل ھېسابىدىمۇ يىلنىڭ بېشى ھەمەل (نورۇز) ئېيى بىلەن باشلانغان. تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئارىسىدا يىل بېشىنىڭ «يېڭى كۈنى ئۈچۈن» «نورۇز» نامى قوبۇل قىلىنغان. قەدىمكى تۈركىي كالېندار ھېسابى بويىچە «نورۇز» يېڭى يىلنىڭ باشلىنىش كۈنى، يەنى كېچە بىلەن

كۈندۈزنىڭ تەڭلەشكەن كۈنى بولۇپ، ئۇ كۈن كونا رۇم كالېندارى ھېسابى بويىچە 9 ـ مارتقا، يېڭى كالېندار ھېسابى بويىچە 21 ـ ، 22 ـ مارت كۈنىگە تەڭ» ② .

«نورۇز» بايرىمى يېڭى مېھنەت مەۋسۇمى باشلىنىشتىن دېرەك بەرگۈچى كالېندارلىق بايرام بولۇپ، قەدىمكى خەلقلەرنىڭ ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان. ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى «نورۇز ـ بايراملارنىڭ شاھى» دېسە، ئەلشىر ناۋايى شېئىرىي تىل بىلەن «ھەر تۈنۈڭ قەدىرلىك بولسۇن، ھەر كۈنۈڭ نورۇز بولسۇن» دەپ نورۇزنى ئەركىنلىك، خاتىرجەملىك، خۇشاللىقنىڭ بەلگىسى قىلغان. «نورۇز» تەبىئەتنىڭ «قىش ئۇيقۇسى»دىن ئويغىنىپ قايتىدىن جانلانغان دەۋرى، باھار يامغۇرىنىڭ بىرىنچى تامچىسى چۈشۈشى بىلەن يەر ـ زېمىننىڭ ئويغانغان دەۋرى، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ كۆكلەشكە ۋە پۈتكۈل ئانا تەبىئەتنىڭ يېشىللىققا پۈركۈنۈشكە باشلىغان دەۋرى، ھايۋاناتلار تۆللەش (كۆيلەش پەيتى)تىن نەسىل ۋۇجۇدقا كېلىشكە باشلىغان دەۋرى بولغاچقا، «نورۇز» ئالەمنىڭ باشلىنىشى ۋە تەبىئەت يېڭىلىنىشىنىڭ دەللى قىلىنغان. دەرۋەقە «نورۇز»دا ئانا تەبىئەت جانلىنىپلا قالماستىن بەلكى تەبىئەت بىلەن بىرگە ئىنسان تەبىئىتىمۇ جۇشقۇن روھ بىلەن سۇغىرىلغان بولىدۇ. «نورۇز»نىڭ رەسمىي كالېندارلىق بايرام تۇسىگە كىرىشى ھەققىدە قەدىمكى مەنبەلەردىمۇ خىلمۇخىل ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر مەۋجۇت، زەردۇشتچىلارغا ئائىت بەزى ئەپسانىلەردە ياخشىلىق خۇداسى ئاھۇرمازادا باھار ۋە ياز مەۋسۇمىدا، يامانلىق خۇداسى ئاھرۇمان كۈز ۋە قىش مەۋسۇمىدا ھۆكۈمدارلىق قىلارمىش. «نورۇز» كۈنى دەل ياخشىلىق خۇداسى يامانلىق خۇداسىدىن غالىب چىققان مۇقەددەس كۈن بولغانلىقى ئۈچۈن، زەردۇشتچىلار بۇ كۈننى خاتىرىلەپ بايرام قىلىشقان، باشقا قەدىمكى ئەپسانىلەرگە قارىغاندا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ ئۇچراشقان كۈنى دەل نورۇز كۈنىمىش. قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىكى «نورۇز»نىڭ بايرام تۇسىگە كىرىشى ھەققىدىكى تىپىكرەك ئەپسانىلەردىن «ئەرگىنەقۇن» رىۋايىتىدە، 400 يىل تۆت ئەتراپى يۈكسەك تاغلار بىلەن قورشالغان بىر ۋادىدا قامىلىپ قالغان تۈركلەر بوزقۇرت (كۆك بۆرە)نىڭ يول باشلىشى بىلەن باھارنىڭ دەسلەپكى كۈنى (نورۇز كۈنى) قورشاۋ ئىچىدىن چىقىش يولىنى تېپىپ، ماماتلىقتىن ھاياتلىققا ئېرىشكەنلىكى شەرىپىگە بۇ كۈننى ئالاھىدە تەنتەنە قىلىپ، ھۆررىيەت، ئەركىنلىك ۋە ئازادلىق بايرىمى قىلىپ بېكىتكەن ھەمدە بايرامنىڭ نامىنى ئەنئەنىۋى تۈركىي كالېندارىدىكى نورۇزغا سىمۋول قىلىپ، «ئەرگىنەقۇن بايرىمى» دەپمۇ ئاتاشقان. «نورۇز» بايرىمىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى تۈرلۈك نۇقتىلاردىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن. بىراق مەسىلىگە ئىلمىي ياندىشىپ «نورۇز» بايرىمىنىڭ قاچان، قانداق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش قىيىن بولسىمۇ، بۇ بايرام ھەر تەرەپلىمە ئىلمگە ئاساسلانغان.

كائىنات ۋە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىدە، يەنى قۇياشنىڭ ھەمەل بۇرجىغا كىرىشى، كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ ۋاقىت جەھەتتىن باراۋەر بولۇشى، كۈندۈزنىڭ ئۇزىراشقا باشلىشى، تەبىئەتتە يېڭىچە جانلىنىشنىڭ باشلىنىشى باھارنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن باغلىق بولغان. «نورۇز» بايرىمىنىڭ چوڭقۇر يىلتىزىغا مۇراجىئەت قىلساق، ئۇنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتكىنىدىن كېيىن ئېتىز ـ ئېرىق، داللاردا يېڭى ئىش مەۋسۇمى باشلىنىشتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلىدىغان باھار بايرام مۇراسىملىرىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇ بايرام ئىنسانلارنىڭ دۇنيا بويلاپ تارقىلىشى نەتىجىسىدە ھەممە يەرلەرگە يېيىلىپ، ھەرقايسى خەلقلەردە تۈرلۈك ناملار ۋە ھەر خىل شەكىللەر بىلەن، جۈملىدىن تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا «ئەرگىنەقۇن بايرىمى»، «بوزقورت بايرىمى»، «ئۇلۇغ كۈن»، «ناۋرۇس»، «يىل باشى»، «ناۋرۇز»، «ناۋرىز»، «مەرۋس»، «چاغان»، «مارت توققۇزى»، «سۇتانى نەۋرۇز»، «كۆركلو مارتا»، «بابۇرماتا»، «يېڭى كۈن»، «مەيرام»، «مەرىكە»، «نەۋرۇز»، «نورۇز» قاتارلىق ناملار بىلەن مۇقىملاشقان ھەمدە ئۆزىگە خاس يەرلىك ۋە مىللىي ئادەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، ئەنئەنىۋى مىللىي بايراملىق سالاھىيەتكە ئېرىشكەن.

«نورۇز» بايرىمىدا ئوينىلىدىغان ھەر خىل پائالىيەتلەر ھەمدە ئۇنىڭغا بېغىشلانغان «نورۇز» ناملىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا قىش ـ زىمىستاننى قوغلاش، ئاسايىشلىق، يېڭى باھارنى كۈتۈۋېلىش، يېڭى يىلنىڭ يېڭىچە خۇشاللىق ئەپكېلىشىنى تىلەش، يېشىللىققا پۈركەنگەن تەبىئەتنى كۆيلەش، كىشىلەرنى ئىلىم مەرىپەتكە ئۈندەش، ئىتتىپاقلىق ۋە ئىناقلىقنى تەشەببۇس قىلىش، ساخاۋەتلىك ۋە دىيانەتلىك بولۇش قاتارلىق ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. شۇڭا «نورۇز» بايرىمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي روللىرىغا ۋە قىممىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. بۇ روللار تۆۋەندىكىچە:

1. «نورۇز» بايرىمى ئۆزئارا ئىناقلىق ۋە بىرلىكنى

2008.3

چىگىتىش بايرىمى بولۇپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر، ئاتا ـ بالا، مەھەللە ـ كوي جەم بولىدىغان، مەسلىھەت ـ نەسىھەت بېرىشىدىغان، ياخشى ئىستىقبال تىلىشىدىغان، كونا غەم ـ ئازارچىلىقلارنى تۈگىتىدىغان ئىناقلىق بايرىمىدۇر. بۇ بايرامدا سەھرا خەتمىسىدىن كې- يىن، يۇرت ـ مەھەللە مۆتىۋەرلىرى ئۆز مەھەللە ـ كويلى- رىدىكى دەردمەن ياكى ئازارلىشىپ تۇرۇۋاتقان كۆڭلى غەش كىشىلەر ۋە ئائىلىلەر (يامانلىشىپ قالغان ئەر ـ ئا- يال، خاپىلىشىپ قالغان ئۇرۇق ـ تۇغقان، زىددىيەتلىشىپ قالغان قۇلۇم ـ قوشنا، بۇزۇلغىلى تۇرغان ئۆي، ئاجراش- قىلى قوپقان ئەر ـ ئايال، باردى ـ كەلدىسى ئۈزۈلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقان...)نىڭ بېشىنى ئوڭلاپ ئەپلەشتۈرۈپ قويىدىغان بولغاچقا، بۇ بايرام «جامائەت خىزمىتى»نى قانات يايدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. نەسىھەت ـ مەسلىھەت، مۇرەسسە، دۇئا ـ پاتىھە شەكىللىرى بىلەن جامائەت ھەل قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ خىل جامائەت خىزمىتى ئەنئەنىسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ جەمئىيەت ئەخلاقىدا ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتىدە قەدىمدىن تارتىپ بىرخىل «نو- رۇز»لۇق ئەخلاقىي ئادەت بولۇپ، ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. شۇڭا «نورۇز»نى ئۆزئارا ئىناقلىق ۋە بىرلىكنى چىگىتىش بايرىمى دېسەك ھەرگىز ئارتۇقلۇق بولمايدۇ.

2. «نورۇز» ئەنئەنىلىرى ئىچىدە نامرات، ئاجىز، قېرى ـ چۆرى، يېتىملەرگە، قازايى ـ ئاپەتكە يولۇققان، ھالىدىن كەتكەنلەرگە «نورۇز»لۇق ماددىي ئىئانە ۋە مەنىۋى غەمخورلۇق قىلىش، قۇتقۇزۇش، يۆلەش تۈركىي خەلقلەردە ئەزەلدىن ئەنئەنىۋى مىللىي مەجبۇرىيەت، مىل- لىي ئەخلاق سۈپىتىدە مەۋجۇتتۇر. شۇڭا، بۇ كۈندە بايلار كەمبەغەللەرگە، ياشلار ياشانغانلارغا، ھال ئوقەتى ياخشى- لار ئاجىز مېيىپلەرگە ياردەم قىلىشنى ئۆز بۇرچى دەپ قاراپ، ئاجىز، كەمبەغەل، غېرىب، بىچارىلەرنىڭمۇ بۇ كۈننى خۇشال ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەملىرىنى ئايىمايدۇ. دېمەك، تۈركىي خەلق- لەردە «نورۇز»نىڭ ئۆزئارا شەپقەت نامايان قىلىدىغان شەپقەتچىلەر بايرىمى سۈپىتىدە خاتىرىلىنىپ كەلگەنلىكى بەرھەق ھەقىقەتتۇر. تۈركىي خەلقلەر «يېڭى يىلنىڭ بېشى قانداق باشلانسا، شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ» دېگەن كونا قاراش بويىچە «نورۇز» كۈننى ئەڭ ئۇلۇغلايدۇ، بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ياخشىلىق، خۇشاللىق، سې- خىيلىق ۋە باياشاتچىلىق بىلەن بۇ بايرامنى ئۆتكۈزىدۇ. ئومۇمەن، بۇ كۈندە خۇشاللىق ئاساسىي ئورۇنغا قويۇ- لۇپ، ياخشىلىق ۋە ساۋاپلىق ئىشلار كۆپ قىلىنىدۇ. باي- رامۇ ناھايىتى مېھماندوستلۇق بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ. «نورۇز» بايرىمىدا پۈتۈن كەنت ـ مەھەللىلەر بويىچە ئۆزئارا يوقلىنىش، يېڭى يىلنى، يېڭى ياشنى قۇتلۇقلاش، ئاغرىق ـ بىمار كىشىلەردىن ھال سوراش، يۇرت ياخشى- لىرىنى زىيارەت قىلىش، ناشايان يامان ئىشلارغا، ناباپ كىشىلەرگە زەن سېلىش، ئەل غېمىدە بولۇشتەك يۇرت خىسلىتى نامايان قىلىنىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ ئاغرىق ـ سىلاقلارنى روھىي جەھەتتىن جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ بو- لۇشقا ئۈندەشتە، بەزى كىشىلەرنى يامان ئىشلاردىن تو- سۇش، يېڭى يىلغا يېڭىچە كەيپىيات بىلەن كىرىش جەھەتتە زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. شۇڭا «نورۇز» بايرىمىنى يەنە ساۋاپلىق ئىشلار بايرىمى، سېخىيلىق، با- ياشاتچىلىق بايرىمى، مېھىر ـ شەپقەت بايرىمى، ھال سو- راش بايرىمى، يامانلىقلارنى توسۇش بايرىمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

3. «نورۇز» بايرىمىنىڭ تەنتەربىيە ۋە ساغلاملىق جەھەتتىكى رولىمۇ ناھايىتى زور بولۇپ، بۇ بايرامدا دارۋازلىق، چېلىشىش، ئوغلاق تارتىشىش، ئارقان تارتى- شىش، سالغاتاش (سالغا بىلەن قارىغا ئېتىش)... قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى كىشىلەرنى باتۇر، جەسۇر، قورق- ماس، پاراسەتلىك، چېچەن ۋە ئالدىن مۆلچەرلەش ئىقتى- دارى ۋە ئالدىن كۆرەرلىك روھقا ئىگە قىلىدۇ. كىشىلەر شۇ ئارقىلىق روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام چوڭ بولۇشتەك تەن ۋە روھ ئەۋزەللىكىگە ئېرىشىپ، ھەر خىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. «نورۇز» پائا- لىيىتى جەريانىدا ئۆزئارا ھەرخىل مۇسابىقىلەرنى ئېلىپ بارغاندىن سىرت يەنە يۇرت بىلەن يۇرت ئۆزئارا مۇسا- بىقىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، كوللېكتىپنىڭ كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىناق ـ ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەم- دە بۇ پائالىيەت ئارقىلىق ئۆزئارا ھەمكارلاشقاندا ۋە ئىتتىپاقلاشقاندا ھەر قانداق جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئەگ- رى ـ توقايلىقلارنى يېڭىپ، زور غەلىبىگە ئېرىشكىلى بو- لىدىغانلىقنى نامايان قىلىپ كەلگەن. شۇڭا «نورۇز»دى- كى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنى، بو- لۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئىلىم ـ مەرىپەتلىك، ھەرىكەتچان، پاراسەتلىك، چېچەن، ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك بولۇشقا ئۈندەشتە ھەمدە كوللېكتىپنىڭ كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدى- غان روھقا ئىگە بولۇشقا ئۈندەش جەھەتتىمۇ مۇھىم رول ئويىنماقتا. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەنتەربىيە پائالىيىتى كىشىلەرنى جىسمانىي جەھەتتىن

ساغلام قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى روھىي جەھەتتىن ساغلام قىلىدۇ ھەمدە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللانغاندا ياشلار ـ ئۆسمۈرلەردە ساغلام تەن بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈك ـ ئۆتكۈر، ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنىڭ ياخشى بولۇشىغا، روھىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. دېمەك، «نورۇز» بايرىمى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشى جەھەتتە ئۆزىنىڭ بەلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرغاچقا، بۇ بايرام يەنە ساغلاملىق بايرىمى، غالىبچىلار بايرىمى بولۇپ كەلگەن.

4. «نورۇز» بايرىمىنىڭ يەنە بىر مۇھىم رولى شۇكى، بۇ بايرامدا بەزى جايلاردا جەمئىيەتتىكى نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن خەلقلەر ئارىسىدىكى «مىللىي قەھرىمانلار»، «ئۇلۇغلار»نى زىيارەت قىلىش ۋە يوقلاش، ھال سوراش، ۋاپات بولغانلارنىڭ قەبرە بېشىغا چىقىپ ئۇلارنى يوقلاش، ئەجدادلارنىڭ مازارلىرىنى يوقلاش قاتارلىق پائالىيەتلەرمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «نورۇز»دا تۈرمىگە كىرىپ قالغان جىنايەتچىلەر ۋە مەھبۇسلارمۇ بۇ بايرامدا قويۇپ بېرىلىپ، مەدەنىي مەشغۇلاتقا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ. قىسقىسى، «نورۇز» بايرىمى ۋاپات بولغانلارنى ئەسلەش، مىللىي قەھرىمان ۋە ئۇلۇغلارنى يوقلاش، ئەجدادلارنىڭ روھىنى ياد ئېتىش، ئىزىدا مېڭىش، ئۇلارنى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرگە ئۈلگە قىلىش بىلەن بىرگە، ئەۋلادلارنىڭ توغرا يوللاردا مېڭىشىغا ئىلھام بېرىش جەھەتلەردىمۇ رول ئوينايدىغان بايرام بولغاچقا يەنە ئۇلۇغلارنى يوقلاش ئەسلەش بايرىمى، ئەۋلادلارنى ئەجدادلار ئىزىغا باشلاش بايرىمى ھېسابلىنىدۇ.

5. «نورۇز» بايرىمىنىڭ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش جەھەتتىكى رولىنى تىلغا ئالىدىغان بولساق، بۇنىڭدا ئەلنەغمىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. ئەلنەغمە پائالىيىتىدە خەلق سەنئەتكارلىرى ھەرخىل ئويۇنلارنى تەييارلاپ ئويۇندىن خەلق بىلەن بىرلىكتە بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ پائالىيەتتە يەنە ناخشىچىلار ناخشا ئېيتىپ، سازچىلار بۇ ناخشىغا تەڭكەش قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىپ، ئۇلارمۇ ئۆز ئالدىغا يارىشا مۇزىكا، ناخشا ـ ئۇسسۇل قاتارلىقلارنى تەييارلاپ چوڭلارغا ۋە ئۆزىنىڭ دوستلىرىغا خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. دېمەك، بۇ پائالىيەتكە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان قېرى ـ ياش، چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن قاتنىشىپ ھەركىم ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا ماھارەت كۆرسىتىدۇ ۋە ھەممە كىشى بۇ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئارقىلىق بۇرۇنقى كۆڭۈل غەشلىكىنى ئۇنتۇپ يېڭى باھارغا يېڭىچە خۇشاللىق بىلەن كىرىدۇ. «نورۇز»دىكى ئەلنەغمە، مۇزىكا، ناخشا ـ ئۇسسۇل، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش ... قاتارلىق ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق خەلقئارا مەنىۋى تەشنالىقنى قاندۇرۇپ، ھاردۇقنى چىقىرىپ، يېڭى باھارغا يېڭىچە كەيپىيات بىلەن كىرىپ، كوللېكتىۋىزملىق روھنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، خەلقلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرالايدىغان قىممەتكە ئىگە بولغان.

«نورۇز» بايرىمىدا قىسسە ـ داستان، خەلق قوشاقلىرىنىڭ رولىمۇ ناھايىتى چوڭ بولۇپ، تۈركىي خەلقلەردە ئەزەلدىن نورۇز كۈنلىرى قىسسە ـ داستان، خەلق قوشاقلىرىنى ھەربىر يۇرتلار بويىچە مەھەللە ـ كەنتنىڭ بىلىمدارلىرى، داستانچىلىرى، ۋائىزچىلىرى چوڭ ئايۋان ـ سارايلىرىنى سورۇن قىلىشىپ ياكى چوڭ، مەنزىرىسى گۈزەل مەيدان ـ جايلارغا توپلىشىپ مەدداھلىق ـ ۋائىزلىق قىلىشىدىغان، «نورۇزنامە» ۋە نورۇزلۇق قىسسە ـ داستانلىرىنى ئوقۇشىدىغان، ئىجاد قىلىشىدىغان، نورۇزلۇق ئىجادىيەتلىرىنى ئۆزئارا بايان قىلىشىدىغان، ئورتاقلىشىدىغان روھىي بايرام ھەرىكەت پائالىيەتلىرى ئومۇمىي ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن،

كەلدى نورۇز يىل بېشى،
كۈن بىلەن نورۇز تەڭ بۇگۈن.
ھەربىر يۇرتتا تەنتەنە،
دوست ـ يارەنلەر جەم بۇگۈن.

كەلدى نورۇز يىل بېشى،
ھېلىسە ھەم كۆك بىلەن.
شادىيانە سەيلىگاھ،
بەزمە ـ نەغمە كۆپ بىلەن.

كەلدى نورۇز يىل بېشى،
باشلاندى ئىش ـ تىجارەت.
مۆتىۋەرلەر نۇرانە،
قەدەم جايىدا زىيارەت.

يۇقىرىقى خەلق قوشاقلىرىدا «نورۇز»نىڭ كېلىشى بىلەن جانلىقلار كۆكلىگەن، يېڭىلانغان، ھەممە يۇرتتا نەغمە ـ ناۋا قايناپ، يىراق ـ يېقىندىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ، دوست ـ بۇرادەرلەرنىڭ جەم بولۇشى، باھار كېلىشى بىلەنلا ئېتىز ـ ئېرىق، مەكتەپ ـ بازارلار قايتىدىن جانلىنىپ كەتكەنلىكى، ياشانغان كىشىلەرنىڭ سىرتقا چىقىپ تۇغقان يوقلاش، سەيلە ـ ساياھەتنى باشلىشى ھەمدە ئۇلۇغ مازارلارنى يوقلىشى، نورۇز كېلىشى بىلەنلا

كىشىلەرنىڭ ئۇزۇق ئېلىۋاتقان زېمىندىن يەنە ئۇزۇق ئېلىش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىشلەۋاتقانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلارنى سۆزلەش ئارقىلىق ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلىگەن. بۇ خىل قوشاقلار ئېغىزدىن ئېغىزغا ئېيتىلىپ، داۋاملىشىپ بېيىپ ماڭغاچقا، يۇرت ئىچىدە كىچىكلەر چوڭلاردىن ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ ئېغىز تىلى ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە نۇرغۇنلىغان تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بىلىملەرنى ئۆگىنىدىغان ئادەتلەر داۋاملاشقان. شۇنداقلا يەنە كېيىنكى ئەۋلادلارغا داۋاملاشتۇرۇپ ئۇزۇلدۇرمەي ئېلىپ ماڭغان. دېمەك، «نورۇز» بايرىمى ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا بايرىمى، ئەلنەغمىچىلەر بايرىمى، ئەنئەنىنى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇش بايرىمى، چوڭلاردىن ئىلىم ئۆگىنىش بايرىمى ھېسابلىنىدۇ.

6. «نورۇز»لۇق پائالىيەتلەر ئىچىدە، «نورۇز» سەيلىلىرىنىڭ رولىمۇ ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ھەر يىلى «نورۇز» بايرىمىدا يۇرت ـ مەھەللىلەر ئارا ئات سەيلىسى، ئوۋ سەيلىسى، كۆك سەيلىسى، ئوغلاق سەيلىسى، بەزمە سەيلىسى، تاغ سەيلىسى، يۇرت سەيلىسى، بازار سەيلىسى ۋە مازار سەيلىسى ... قاتارلىق سەيلىلەرنى ئۆتكۈزۈش تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي ئەنئەنىسى ۋە خىسلەت داغدۇغىسى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، بۇ بايرامنى سەيلە ـ ساياھەت بايرىمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ سەيلە ـ ساياھەتلىرىدە ھۈنەرۋەنلەر ئۆزلىرى ياسىغان ئاجايىپ ئەسۋابلىرىنى، ئاشپەزلەر ئۆزلىرى پىشۇرغان شېرىن تائاملىرىنى، پالۋان ھەم چەۋەندازلار كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىشىدۇ. قىز ـ چوكانلار نورۇزغا ئاتاپ مەخسۇس كىيىملەرنى، كەشتە ۋە ياغلىقلارنى، ھەرخىل دوپپىلارنى تىكىشىدۇ. ئۇلارنى گۈل نەقىشلىرى بىلەن بېزەپ «نورۇز» دېگەن خەت شەكلىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق چېۋەرلىك ھەم چاققانلىقلىرىنى، ئىشچان ھەم ھۈنەر كەسپتىكى پىشقان كامالەتلىكلىرىنى نامايان قىلىشىدۇ. سەيلىلەردە قىزىقچى ھەم دارۋازلار، سۆز ئۇستىلىرى، چاقچاقچى ھەزىلكەشلەر ئاممىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىشىدۇ. قىسقىسى، نورۇز تەنتەنىسى دائىم دېھقانچىلىق، ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە ھەرقايسى كەسپ ئىگىلىرىنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ خىل پائالىيەتلەر ھەرقايسى كەسپ ئۇستا ئىگىلىرىنىڭ كەسىپتە ئۆزىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھۈنەر ـ ماھارەتلىرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ كامالەتكە يەتكۈزۈشتە بەلگىلىك رول ئويناپ كەلگەن. دېمەك، «نورۇز» سەيلە ـ ساياھەت بايرىمى بولۇپلا قالماستىن بەلكى ھۈنەر ـ كەسىپ ئۇستىلىرىنىڭ ماھارەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتلىرىنى نامايان قىلىدىغان ۋە سىنايدىغان بايرىمى بولۇپ كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

7. «نورۇز ئېشى» نورۇز پائالىيىتىدىكى ئاساسلىق بىر تۈر بولۇپ، «نورۇز ئېشى»نى يەتتە خىل ياكى توققۇز خىل ئاشلىق دېنىدىن يەنى، ئارپا، بۇغداي، قوناق، نوقۇت، ماش، گۈرۈچ، تېرىق ۋە گۆش، سۇ قاتارلىقلارنى تەييارلاپ نورۇز ئېشى ئېتىلىپ، بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان ھەر بىر كىشىنىڭ ئېغىز تېگىشى شەرت قىلىنىدۇ. بەزى يەرلەردە گۆش ئورنىغا كاللا ـ پاقالچەك، زاسۇيلەر ئىشلىتىلىدۇ. تۈركىي خەلقلەرنىڭ يەتتە ياكى توققۇز سانىنى تاللىشى تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۇ سانىنى مۇقەددەس دەپ بىلىدىغانلىقى، نورۇز ئېشى ماتېرىياللىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك يەتتە خىل ياكى توققۇز خىل ئاشلىق دانلىرىدىن تاللىنىشى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ۋە ئاشلىقنى قەدىرلەش، زىرائەت دانلىرىنىڭ قىممىتىنى تونۇش جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، بۇ بايرام يەنە ئاشلىق بايرىمى، مول ھوسۇل بايرىمى ھېسابلىنىدۇ.

8. نورۇز ــ يىللىق تىرىكچىلىكنىڭ يەنى يىللىق ئىگىلىك تىكلەش، ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئىش بېشى بايرىمىدۇر. ئىشنىڭ بېشى نورۇز دېگەندەك ئەنئەنىۋى قاراشلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت چۈشەنچىسى قىلىشقان تۈركىي خەلقلەر قەدىمدىن تارتىپلا ھەر يىلنىڭ نورۇز بايرىمىنى ھەر يىلنىڭ ئىش بېشى بايرىمى، ھەر يىلنىڭ پىلان، تىرىكچىلىك بايرىمى قىلىپ كەلگەن. شۇڭا نورۇز ھەپتىلىكىدە جامائەت كوللېكتىپى يۇرت ـ مەھەللىلىرىنىڭ ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىنى، يول، كۆل، كۆۋرۈك، كېچىك، ئاتلاش، توغ، توغان قاتارلىق يۇرت ئەسلىھەلىرىنى ئەل كۈچى بىلەن خالىس تەكشۈرۈپ ـ تۈزەشتۈرۈپ، ياساپ تېرىلغۇ باشلايدىغان، چارۋا ماللارنى ئەتىيازدىن ئۆتكۈزىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى تەللەيدىغان، قىسقىسى، مەھەللىۋى جامائەت كۈچى بىلەن قىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئەتىيازلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى نورۇز شارائىتى بىلەن پۈتكۈزۈۋېلىشىدىغان ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. بۇ خىل ئەنئەنە «نورۇز»دا كىشىلەرنى يۇرت ـ مەھەللە، ئەل ـ جامائەت، يۇرت ئەسلىھەلىرىگە خالىس كۆڭۈل بۆلۈش، خالىس ياردەم قىلىش، خالىس ئىش قىلىش روھىنى يېتىلدۈرۈشتە، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، تىرىكچىلىككە ئالدىن تەييارلىق قىلىشقا ئۈندەشتە رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ كەلگەن. شۇڭا نورۇزنى ئىش بېشى بايرىمى، خالىسچىلار بايرىمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

9. «نورۇز» بايرىمىنىڭ ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش

رولى ئالاھىدە زور بولماقتا. دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ زور دەرىجىدە يۈكسىلىشى نەتىجىسىدە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ئالاقە، ھەمكارلىق ئىشلىرى تېخىمۇ قويۇقلاشتى، شۇنداقلا ساياھەتچىلىك ئىشلىرىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا. ھەرقايسى ئەللەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئەۋزەللىكىنى زور كۈچ بىلەن بايقاپ، بازارغا سېلىپ زور ئىقتىسادىي قىممەت ياراتماقتا. جۈملىدىن، تۈركىي خەلقلەرنىڭ «نورۇز» بايرىمىمۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. مەسىلەن، مەلۇم بىر يىلى قەشقەر خەلق باغچىسىنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن «نورۇز» بايرىمىدا ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمىنى تەبرىكلەپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغاندىن باشقا يەنە خەلق ئاممىسىغا خۇشاللىق ۋە يېڭى يىلدا يېڭىچە ئۈمىدۋارلىق ئېلىپ كەلگەن. شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان ساياھەتچىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى بايرىمىنى بىلىشى، تونۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىپ كۆڭۈل خۇشاللىقى تاپقان ھەمدە قەشقەر خەلقىگە نۇرغۇنلىغان ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقان. يۇقىرىقى يۈزلىنىشتىن قارىغاندا، تۈركىي خەلقلەرنىڭ «نورۇز» پائالىيىتى ھەرقايسى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ تېخىمۇ رەڭدارلىشىپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە جەلپكارلىقى بىلەن نۇرغۇنلىغان ساياھەتچى ۋە تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى ۋە قىلىۋاتىدۇ، شۇ ئارقىلىق زور ئىقتىسادىي قىممەتنىمۇ يارىتىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئەۋزەللىكنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغاندا، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ ئادەملەرنىڭ كۆزى بۇ ئېسىل ئەنئەنىۋى بايرامغا تىكىلمەي قالمايدۇ. ھەتتا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تېخىمۇ زور رول ئوينىشى مۇمكىن، شۇنداقلا مىللەتلەر ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ بايرامنى ئىقتىساد بايرىمى، دوستلۇق - ئالاقە، ھەمكارلىق بايرىمى دېيىشكە بولىدۇ.

دېمەك، «نورۇز» بايرىمى يۇقىرىدا سۆزلەنگەندەك تەبىئەت بايرىمى، ئەمگەك بايرىمى، ئىنسانلارغا ياخشى تىلەك، گۈزەل ئارزۇ بېغىشلايدىغان، ئىزگۈ كۆڭۈللەرگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان، تەبىئەت ۋە ئىنسانىي پاكلاپ قۇۋۋەتلەيدىغان، ئىناقلىق - ئىتتىپاقلىقنى، ھەمكارلىقنى چىڭىتىدىغان، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئانا تەبىئەتنى قوغدايدىغان، ھۆرلۈك ۋە ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان، خەلقنىڭ كۆڭۈل غەشلىرىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان بايرام بولۇپ، بۇ بايرامنىڭ ھەربىر مەزمۇنى ۋە شەكلى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھاياتى ۋە روھىي دۇنياسى چەمبەرچاس باغلانغان.

قىسقىسى، بۇ بايرام دىنىي بايراملاردىن پەرقلىق ھالدا خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئىجابىي رول ئويناپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ كالېندارلىق بايراملىرى قاتارىدا قىزغىن قۇتلۇقلىنىپ كەلمەكتە. شۇنداقلا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش، مىللىي ئەنئەنىنى يەتكۈزۈش، ئىناقلىق ۋە بىرلىكنى چىڭىتىش، ساۋابلىق ئىشلارنى، سېخىيلىقلارنى كۆپرەك قىلىش، ئۆزئارا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش، ھال سوراش، يامانلىقلارنى توسۇش، ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا، ئەلنەغمە سەنئىتىنى بېيىتىش، ئەجدادلارنى ئۇلۇغ قىلىش ۋە ئىزىدا مېڭىش، ناپاكلىقلارنى يۇيۇش، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش، دوستلۇق - ئالاقىنى، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەنئەنىنى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇش، سەيلە - ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ... جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ رولىنى ۋە قىممىتىنى جارى قىلدۇرماقتا. شۇڭلاشقا بۇ بايرامنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش—مىللەتلەر ئارا ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەتنى ساغلاملاشتۇرۇش، ناچار ئىللەت، ناچار خاھىشلارنى ۋە ئادەتلەرنى تۈگىتىپ ئىناق بولغان جەمئىيەت بەرپا قىلىشىمىزدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىزاھات:

① ، ②ئابدۇكېرىم راخمان «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە» شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى 1996 - يىل 1 - سان.


پايدىلانمىلار:

① ئابدۇكېرىم راخمان «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە» شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى 1996 - يىل 1 - سان.

② گۈلنار ئېزىز - «ئۇيغۇرلاردىكى نورۇز بايرىمىنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى 2002 - يىل 2 - سان.

③ نىزامىدىن ھۈسەيىن «بىزدە نورۇز» مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ژۇرنىلى 1992 - يىل 2 - سان.

④ ياسىن قاسىم «ئەنئەنىۋى بايرام نوزۇر توغرىسىدا پاراڭ» مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ژۇرنىلى 1989 - يىل 1 - سان.

⑤ مەھمۇد زەيىدى « نورۇزنىڭ تارىختىكى ئىزلىرى ۋە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى شېئىرلىرى» شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى 1996 - يىل 3 - سان.

⑥ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى 1990 - يىل 3 - سان.


(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

# ئۇيغۇرلاردا بالىغا ئىسىم قويۇشتا تىلەك تىلەش ئادىتى

ئابدۇخېلل مرخېلل

بالىغا ئىسم قويۇش ئادىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكى يازمىلاردىن مەلۇم.

روشەنكى ئىسم ـ ئىنسانلارنىڭ مەلۇم بىر نام ئارقىلىق بىر ـ بىرىنى پەرقلەندۈرۈشتىكى شەرتلىك بەلگىسى ۋە ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ بىرى. دېمەك، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، تالاي ـ تالاي ئەمەلىي تەجرىبىلەردىن ئالەمشۇمۇل ئىلمىي خۇلاسىلەرنى يەكۈنلەپ ئاجايىپ مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى ياراتقان ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ تىنىمسىز ھايات مۇساپىلىرىدە مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھاسىلات قۇرۇلمىسى ھېسابلانغان رەڭدار ئۆرپ ـ ئادەت تەركىبلىرىنى ياراتقان. بىلىش لازىمكى ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ شۇ مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش، مىللەت گەۋدىسىنى زورايتىش، ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى تەمىن ئېتىش جەھەتلەردە زۆرۈر رول ئوينايدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ياراتقان سان ـ ساناقسىز ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مۇراسىم ئەنئەنىلىرى ئىچىدە بالىغا ئىسم قويۇشتا تىلەك تىلەش ئادىتى ئەمەلىيەتچانلىقى، ئىلمىيلىكى، ئەقىلگە ئۇيغۇنلۇقى، شۇنىڭدەك زور رېئاللىقى قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ئالاھىدە جەلپكاردۇر.

بىزگە مەلۇم ھەرقانداق ئاتا ـ ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئەقىللىق، زېرەك، قەيسەر، ئەمگەك سۆيەر، ۋاپادار، تىرىشچان، ھۆرمەتكە سازاۋەر، پەزىلەتلىك ئادەملەردىن بولۇپ يېتىلىشىنى بالا «ئېگە» دەپ ئانا باغرىدىن تەۋەللۇت قىلىنىپ، يەرگە چۈشكەندىن كېيىن ئەمەس، بەلكى ئانا باغرىدا ئاپىرىدە بولغاندىن باشلاپ ئارزۇ قىلىدۇ. دېمەك، ئاتا ـ ئانىلار يۇقىرىقى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى مۇئەييەن ئۇسۇل ۋە شەكىل بىلەن ئىپادىلەش ئۈچۈن، بالىغا ئىسم قويۇشتا تىلەك تىلەش ئادىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بالىغا ئىسم قويۇشتا تىلەك تىلەش ئادىتى ـ بالا تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈنلۈك بولغاندا، بالىغا ئىسم قويۇش جەريانىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەممىمىزگە ئايان، ئۇيغۇرلار بالا تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈنلۈك (بەزى ھاللاردا يەتتە كۈنلۈك) بولغاندا، ئائىلە ئەزالىرى ئۆزئارا كېڭىشىپ تاللىغان ئىسمنى بالىغا قويدۇرۇش ئۈچۈن، مەخسۇس ئىقتىدارىغا قارىتا قازان قاينىتىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنى يىغىپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇن ياكى يۇرتتىكى ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئىلمىي ئامىل، پەزىلەتلىك، يېشى چوڭ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن مويسىپىت ئاقساقال كىشىنى چاقىرىدۇ. چاقىرىلغان كىشىلەر تولۇق كېلىپ بولغاندىن كېيىن، داستىخان سېلىنىپ، تائام تارتىلىپ، «كۈدەن» بالىغا ئىسم قويۇش زىياپىتى بېرىلىدۇ. زىياپەت ئاخىرلاشقاندا ئۆي ئىگىسى مېھمانلارنى چاقىرىشتىكى مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇپ، مەركۈز مويسىپىت كىشىدىن يېڭى تۇغۇلغان بالىغا (بوۋاققا) ئىسم قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ. مويسىپىت كىشى بالىنى قولىغا ئېلىپ، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان جەينامازنى ئالدىغا كېلىپ، بالىنىڭ (بوۋاقنىڭ) ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ «سىزنىڭ ئاسماندىن چۈشكەن، جەننەتتىن چىققان ئىسمىڭىز پالانچى بولدى» دەپ جاما قىلىپ جەينامازغا بىر دومىلىتىدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە بالىنىڭ (بوۋاقنىڭ) دادىسى ئىسم قويغۇچى مويسىپىت ئاقساقالنىڭ چاپىنى ياكى پېرىجىسىنىڭ ئوڭ پېشىنى نەچچە تولغاپ پىشىلدۇرۇپ چىڭ تۇتۇۋېلىپ «تەقسىر، مالال كۆرمىسىلە، سىلىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، سىلىدىن بىر نەرسە تىلەيمەن، ياق دېمەي بەرسىلە» دەيدۇ. مويسىپىت كىشى «ماقۇل بېرەي، تارتىنماي تىلەڭ» دېگەندىن كېيىن بالىنىڭ (بوۋاقنىڭ) دادىسى «يورۇق دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان مۇشۇ بالامغا ياشلىرىنى بەرسىلە، ئىلىم ـ بىلىمدە دانىشلىقىنى بەرسىلە، كاتتا ھۆرمەت ـ ئىززەتلىرىنى بەرسىلە، ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىنى بەرسىلە» دەپ شۇ مويسىپىت كىشىدە بار بولغان بارلىق ئېسىل خۇي ـ خۇسۇسىيەتلەرنى تىلەيدۇ. مەزكۇر مويسىپىت كىشى «بولىدۇ، تىلىگەنلىرىنى رازى ـ رىزالىقىم بىلەن بەردىم» دېگەندىن كېيىنلا بالىنىڭ دادىسى تولغاپ تۇتۇۋالغان چاپان ياكى پېرىجىنىڭ پېشىنى قويۇۋېتىپ، قايتىدىن داستىخان راسلاپ، ئىسم قويغۇچىنى ناھايىتى ئىززەت ـ ئېھتىراملار بىلەن كۈتۈپ رازى قىلىپ، يولغا سالىدۇ. بالىغا ئىسم قويۇشتا تىلەك تىلەش ئادىتى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلاردىن كۈتىدىغان گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، بالا تەربىيىلەش جەھەتتىكى ئىلمىي قاراشلىرى، ئۆز پەرزەنتلىرىگە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇلىرى، يارامىلىق ئەۋلاد تەربىيىلەش جەھەتتىكى ئالدىن كۆرەرلىكى، ئالدىن تەربىيىلەش ئېڭىنى تۇرغۇزۇش ئىرادىلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇ خىل ئادەتلەرنى داۋاملىق قوللىنىشقا ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، دەۋرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئەلۋەتتە ئەرزىيدۇ دېمەكچىمەن.

(ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە مويۇنگۇزەر يېزا باشلانغۇچ مەكتەپتە)

# ئۇيغۇرلاردا ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى



ئابدۇقەييۇم مىجىت

ۋەسىيەت ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا يېزىپ ياكى باشقىلارغا ئاغزاكى ھاۋالە قىلىپ قويغان، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۇسۇللار بويىچە مىراسلىرىنى ۋە باشقا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلدىغان ھەمدە ئۆلگەن ۋاقتىدا كۈچكە ئىگە بولىدىغان قانۇنىي تاپشۇرۇق» ① تۇر. قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا ئۇيغۇرلاردا ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى بولغان ھەم ھەرقايسى دەۋرلەردە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. قەدىمكى جەمئىيەتتە ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى شۇ دەۋر ئىنسانلىرى ئۈچۈن نېمە زۆرۈرىيەت ۋە قانداق پسىخىك تۇيغۇنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن؟ ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى ۋە قالدۇرۇلغان ۋەسىيەتنامىلەر قەدىمدىن تارتىپ جەمئىيەتتە قانداق رول ئوينىغان؟ دېگەن مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىش بىز ئۈچۈن زۆرۈر ۋە ئەھمىيەتلىكتۇر.

ۋەسىيەت قالدۇرغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى ۋەسىيەت قالدۇرغۇچىنىڭ ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قالدۇرغان مىراسىغا ئەۋلادلىرىنىڭ قانداق ۋارىسلىق قىلىشى زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى ئارزۇسى ۋە تەلەپلىرىنى بىلدۈرۈش، يەنە بىرى ئۆزى ھايات ۋاقتىدا قىلغۇسى بولسىمۇ شارائىتى ياكى ئۆمرىنىڭ يار بەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن قىلىپ بولالماي قالغان بىرەر ئىشنى ئۆزى بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار بولغان ياكى ئۆزى ئىشەنگەن بىرەرسىگە تاپىلاپ قويۇش زۆرۈرىيىتىدىن پەيدا بولغان. ۋەسىيەت قالدۇرغۇچىنىڭ نەزىرىدە، «ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ مۇۋەپپەقىيىتى، بەلكى ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىمۇ ئۇنىڭ ھاياتلىقىنىڭ داۋامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىدۇ» ② . شۇڭا، ئۆزى قىلىپ بولالمىغان ئىشلارنى ئۆزىنىڭ باللىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئورۇندىسا ئۆزى روھىي قانائەت ۋە مەنىۋى تەسەللى تاپىدىغاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، كىشىلەردە ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى يازما ياكى ئاغزاكى شەكىلدە باشقىلارغا تاپىلاپ، ۋەسىيەت قالدۇرۇپ قويۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. ۋەسىيەت شەكلىگە ئاساسەن ئاغزاكى ۋەسىيەت ۋە يازما ۋەسىيەت، دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. يازما ۋەسىيەتلەر ئاغزاكى ۋەسىيەتلەرگە قارىغاندا سەل

كونكرېت، مۇرەككەپ ۋە رەسمىيرەك بولۇپ، گۇۋاھ-
چىلار بولۇشى ۋە ۋەسىيەت يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن
گۇۋاھچىلارنىڭ قول قويۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. فېئودال-
لىق جەمئىيەتتە ئادەتتە ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا تا-
لاش ـ تارتىش بولغاندا قازى ھۆكۈم چىقىرىدىغان بول-
غاچقا، ۋەسىيەتنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنىمۇ قازىلار نازارەت
قىلاتتى.

ۋەسىيەت قالدۇرۇش پەقەت قالدۇرغان مىراسنى
توغرا تەقسىملەشنى ئۈمىد قىلىدىغان كىشىلەرگىلا خاس
ئادەت بولماستىن، بەلكى يىراق سەپەر ياكى جەڭگە
كېتىپ قايتىپ كېلىش ـ كېلەلمەسلىككە ئىشەنچ قىلالمە-
غان ۋە ياكى ئاغرىپ قېلىپ كېسەلنىڭ ساقىيىشىغا كۆزى
يەتمىگەن كىشىلەر ھەمدە نورمال ئەھۋالدىكى كىشىلەر-
مۇ قىلسا بولىدىغان ئىشتۇر. تۇرپاندىن تېپىلغان ئىدى-
قۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ئائىت ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپىنچىسى
شەخسلەرنىڭ مىراس ۋەسىيەتنامىلىرى بولۇپ، ئۇ ۋە-
سىيەتنامىلەردىن پەقەت مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ
بالا ـ چاقا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا تاپىلىغان نەسىھەت
ۋە ۋەسىيەتلىرىنى بىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىدىقۇت
ئۇيغۇر خانلىقىدىكى خەت ـ چەك ئىشلىرى، مىراس
قالدۇرۇش ۋە ئۇنى تەقسىملەش ئادىتى، تۈزۈمى،
جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، كىشىلىك ۋە تۇغقاندارچىلىق
مۇناسىۋەت، ئىگىلىك ئەھۋالى، پۇل ـ ئامانەت، قەرز،
گۆرۈچىلىك ئىشلىرى ۋە بۇلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشى،
شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ئىجتىمائىي تەرەپلىرى
ھەققىدە مۇئەييەن چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالايمىز. مە-
سىلەن، بىز قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تۆۋەن-
دىكى ۋەسىيەتنامىنى كۆرۈپ باقايلى: «چاشقان يىلى
8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، مەن تۇشكى ئىبغىر كېسەلگە
گىرىپتار بولغاچقا، ياخشى ـ يامان بولۇپ قالارمەنمە-
كىن، دەپ ئايالىم سىلاڭغا (ۋەسىيەت) نامە (يېزىپ)
قالدۇردۇم. (ئايالىم) مەندىن كېيىن (قالسا)، ئەرگە ـ
بەگكە تەگمەستىن ئۆيۈمنى تۇتۇپ ئوغلۇم ئالتمىش قا-
يانى بېقىپ ئۆتسۇن. باشقا ئوغۇللىرىم قوشالىڭ، ئەسەن
قايالار «ئۆگەي ئانىمىز (سىلاڭ) بىزگە مەنسۇپ، بىز
ئالىمىز»، دەپ (ئۇنى) ئالمىسۇن (ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىد-
غا) ئارىلاشمىسۇن. ئەگەر (ئۇنى) ئالىمىز دەپ دەتالاش
قىلسا، خان ئوردىسىغا بىر ئالتۇن ياستۇق (پۇل)، ئو-
غۇل شاھزادىلەرگە بىردىن كۈمۈش ياستۇق (پۇل)،
ئىچكى (ئوردا) خەزىنىسىگە بىر ياستۇق، (يەنە) ئىچكى
خەزىنىگە (ئوردا خەزىنىسىگە) بىر ئات(جەرىمانە) تۆ-
لىسۇن (ھەم) ئىبغىر جازاغا تارتىلسۇن؛ سۆزلىرى ئاقمە-
سۇن. بۇ (ۋەسىيەت) نامىنى شۇتراكەد قىيا تۇتۇلۇڭ،
تۇكۇلە، كىمتىس باشچىلىقىدىكى (بۇددىست) جامائەت،
تاۋغاچ ياڭا، ئىكچى باشچىلىقىدىكى(مەھەللە) خەلقى،
تۇغقانلىرىمىز ئەسەنە قاتارلىقلارنىڭ ئالدىدا بەردىم.
گۇۋاھچى ئىنگە، گۇۋاھچى قان تويىن، بۇ تامغا مېنىڭ-
دۇر. مەن قايىسىن سوراپ يازدىم. بۇ تامغا مەن تاۋغاچ
يىگانىگدۇر. بۇ تامغا مەن ئەسەنەنىڭدۇر» ③ . بۇ
ۋەسىيەتنامىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر-
لىرىدا خېلىلا مۇكەممەل بولغان ۋەسىيەت قالدۇرۇش،
بولۇپمۇ يازما ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى بولغان. بۇ
ۋەسىيەتنامىدە بىر قانچە كىشىنىڭ گۇۋاھچى بولغانلىقى
ۋە ئۆزىنىڭ تامغىلىرىنى باسقانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ۋەسىيەتنامىلەرنى پەقەت ئۆزى ئۆ-
لۈپ كەتكەندىن كېيىن مىراسلىرىنىڭ لىللا تەقسىملىنىشى
ۋە ئۆزىنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ئېلىم ـ بېرىم مۇنا-
سىۋىتىنى قانداق ھەل قىلىش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىنلا
ئەمەس، بەلكى ئۆز قەبىلە ـ قوۋمىنىڭ ئىناق، ئۆم يا-
شىشى، باشقا خەلقلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشى
كېرەكلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەر-
قايسى تەرەپلىرى ھەققىدە قىممەتلىك ۋەسىيەتلەرنىمۇ
قالدۇرغان. مەسىلەن، ئورخۇن دەرياسى بويلىرىدىن
تېپىلغان مەڭگۈ تاشلار ۋە قەبرە تاشلىرىغا تاش پۈتۈك
سۈپىتىدە ئويۇلغان (خەتلەر) ۋەسىيەتلەر بۇنىڭ تىپىك
مىسالىدۇر. مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدىمۇ كۆك تۈرك
خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى خاقانلىرىنىڭ ھا-
يات پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغاندىن سىرت، يەنە خا-
قانلار ۋە ۋەزىرلەرنىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان ئارزۇ ـ
ئۈمىدلىرى، قىممەتلىك ۋەسىيەتلىرى ۋە مەڭگۈلۈك
خىتابلىرى پۈتۈلگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ مەڭگۈ تاشلار تاش
پۈتۈك شەكلىدىكى ۋەسىيەتنامىلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا
قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنا-
مە»دىمۇ ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتىنىڭ ئىزنالىرىنى
ئۇچرىتىمىز. ئوغۇز خاقان قۇرۇلتاي چاقىرىپ، يۇرتنى
ئوغۇللىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ بولۇپ، ئۇلارغا ۋە-

سىيەت قىلىپ: «ھەي ئوغۇللىرىم، مەن كۆپ ياشىدىم، كۆپ ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈردۈم. يا بىلەن كۆپ ئوق ئاتتىم، ئايغىر بىلەن كۆپ يوللارنى كەزدىم. دۈشمەنلەرنى زار يىغلىتىپ، دوستلارنى شاد ئەيلەتتىم. تەڭرى ئالدىدا مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم. ئەمدى يۇرتنى سىلەرگە بۆلۈپ بېرىمەن...» ④ دەيدۇ. ئوغۇز خاقانىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا قىلغان ۋەسىيىتىدۇر ھەمدە ئوغۇز خاقانىنىڭ ئۆز زېمىنلىرىنى ئوغۇللىرىغا مىراس سۈپىتىدە بۆلۈپ بېرىشىدۇر. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ۋەسىيەت قالدۇرۇشنى ياخشىلىق، دەپ بىلگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «ئاز ياخشىلىق بەلگىسى، ياخشى كۆڭۈل «ئىگىلىگ تۇترۇغى ئاز بولۇر». ئاغرىقنىڭ ۋەسىيتى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى. بۇ كېسەل ياتقان كىشىنى ۋەسىيەت قىلىشقا دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدىغان ماقال» ⑤ دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بىز شۇ ۋاقىتلاردا «ۋەسىيەت» سۆزىنىڭ «تۇترۇغ» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»تە: «ئايتولدىنىڭ ئېلىككە ۋەسىيەتنامە يازغانلىقى» ناملىق مەخسۇس بىر باب ئاجرىتىلغان بولۇپ، «قۇتادغۇبىلىك»تە «ۋەسىيەت» سۆزى «قۇمارۇ» دېگەن سۆز بىلەن، «ۋەسىيەتنامە» سۆزى «قۇمارۇبىتىك» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن. «قۇمارۇ» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ۋەسىيەت، نەسىھەت، مىراس، ۋىدالىشىش، ئايرىلىش» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئەرەب تىلىدىن «تاپشۇرۇق، ئۆلۈم ئالدىدىكى كىشىنىڭ سۆزلىرى» دېگەن مەنىدىكى «ۋەسىيەت» سۆزىنى قوبۇل قىلغان. بىز ھەرقايسى دەۋرلەردىكى يازما يادىكارلىقلاردا ۋەسىيەت ھەققىدە ئازدۇر-كۆپتۇر خاتىرە قالدۇرۇلغانلىقىغا قاراپ ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتىنىڭ بىر ئەنئەنە سۈپىتىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىگە جەزىم قىلىمىز.

ئىسلام دىنىدىمۇ ۋەسىيەت قالدۇرۇشنىڭ دۇرۇسلۇقى ۋە زۆرۈرلۈكى ئېنىق تەكىتلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ھەقتىكى بەلگىلىمىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تېخىمۇ زور ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغان. «ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن: «ۋەسىيەت قالدۇرۇدىغان ئىشلىرى بار مۇسۇلمانلار بىر-ئىككى كېچىنى ئۆتكۈزمەي ۋەسىيىتىنى يېزىپ پۈتتۈرۈشى كېرەك»» ⑥، «قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەنگەن ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى ۋەسىيەتنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. «سۈننىي مەزھەپىدە سۈننەت دەپ قارىلىپ داۋاملىق قوللىنىلىپ، مىراس تەقسىم قىلىشنىڭ قوشۇمچە شەكلى قىلىندى. ئۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىچە: (1) ۋەسىيەت بويىچە تەقسىم قىلىنىدىغان مىراس مەرھۇمنىڭ ساپ مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى بىلەن چەكلىنىدۇ؛ (2) ئۇلۇش بويىچە ۋارىسلىق قىلغۇچىدا مىراسقا مۇشۇ شەكىلگە ئاساسەن ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ؛ (3) ۋەسىيەت قالدۇرغۇچى ھايات ۋاقتىدا ۋەسىيەتنى ئادىللىق بىلەن قالدۇرغان بولۇشى كېرەك. ئەقىل-ھوشى جايىدا بولۇپ، بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمان يېزىقى ياكى ئاغزاكى شەكىلدە ۋەسىيەت قالدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. لېكىن مەقسىتى خاتاسىز، ئېنىق بولۇشى كېرەك؛ ئالاھىدە ئەھۋالدا مەسىلەن، پالەچ بولۇپ تىلىدىن قالغاندا ۋەسىيەتنى قول ياكى باش ئىشارىتى بىلەن ئىپادىلىسە بولىدۇ. شۇنداق قىلىش ئۇ كىشىنىڭ ئىختىيارى بىلەن بولۇشى كېرەك؛ باشقىلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى، مەجبۇرلىشى، ئالدىشى بىلەن قىلىنغان ۋەسىيەت كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ئىسلام دىنىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ۋەسىيەتلەرمۇ كۈچكە ئىگە بولمايدۇ» ⑦.

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتىدە ياشىنىپ قالغان كىشىلەر بالىلىرى ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنكى دەپنە ئىشلىرىنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھەققىدىمۇ ۋەسىيەت قالدۇرىدىغان ئادەت بار. مەسىلەن، «مەن تۇگەپ كەتسەم، ئانامنىڭ (ياكى ئاتامنىڭ) قەبرىسىنىڭ يېنىدا قويۇڭلار!، ياكى مېنىڭ مېيت نامىزىمنى پالانچى(موللام ياكى ئاخۇن) چۈشۈرسۇن» دېگەندەك ۋەسىيەتلەرنى ھەم ئۇچرىتىمىز. پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىلارنىڭ ۋەسىيىتىنى شەرتسىز ئورۇندىشى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ئۇلاردىكى ئەجدادقا تېۋىنىش ئىدىيىسىمۇ زور تۈرتكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى بەجانىدىل ئورۇندايدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ ۋەسىيىتى ياخشى ئورۇندالسا، ئۇلارنىڭ روھى خۇش بو-

لىدۇ، پەرزەنتلىرىنى يۆلەيدۇ، دەيدىغان قاراش مەۋجۇت. ئۇيغۇرلاردا يەنە ئاتا ـ ئانىلار ئەگەر كۆپ پەرزەنتلىك بولسا بالىلىرىنىڭ چوڭىغا ئۆزى تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن، كىچىك ئىنى ـ سىڭىللىرىغا خۇددى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدەك كۆيۈنۈپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ زىممىسىدىكى ئورۇنداپ بولالمىغان ئىشلارنى (مەسلەن، ئوغۇل بولسا خەتنىسىنى قىلدۇرۇش، دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىتىش، ئۆيلەپ قويۇش، قىز بولسا قولىقىنى تەشتۇرۇش، ئېغىر ئىشلارغا سالماي، تەۋىنى چەكتۇرمەي چوڭ قىلىش ۋە بويىغا يەتكەندە تاللىق قىلىش... قاتارلىق ئىشلارنى) ئۇلارغا ۋاكالىتەن قىلىپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلىشىدۇ. بۇنداق ۋەسىيەتلەر كۆپىنچە ئاغزاكى شەكىلدە بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ۋەسىيەت ۋەسىيەت قالدۇرغۇچىنىڭ ئۆز زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلىشىدۇر.

ۋەسىيەتنامىلەر پۈتۈلگەندە كۆپىنچە ئۇنىڭغا ئىشەنچلىك ئادەمدىن بىر قانچىسى گۇۋاھ بولىدۇ ھەمدە ئىشەنچلىك كىشىلەر بۇ ۋەسىيەتنامىنى بىر نۇسخىدىن ساقلاپ قويىدۇ. ۋەسىيەتنامە ۋەسىيەت قىلغۇچى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ ۋە ئىجرا قىلىنىدۇ. ۋەسىيەت قىلغۇچى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ۋەسىيەت بويىچە ياش قۇرامىغا يەتمىگەن بالا ۋە روھىي كېسەللەرگە مىراس تەقسىملەنگەن بولسا، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، مال ـ مۈلكى ۋە باشقا بارلىق قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى نازارەت قىلىش ۋە قوغداش ھەمدە ۋەسىيەتنامىلەرنىڭ ئەسلىي مەزمۇنى بويىچە ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ۋەسىي تەيىن قىلىنىدۇ.

ۋەسىيەت ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە چۆچەك، قىسسە، رىۋايەت ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەردە ۋەقەلىكلەرنىڭ تۈگۈنى بولىدۇ. كۆپىنچە مەلۇم بىر شەخس تەرىپىدىن يېزىپ، تېپىپ كېلىش تولىمۇ تەس بولغان بىر جايغا تىقىپ قويۇلغان ۋەسىيەتنامىلەرنى تېپىپ كېلىش بىلەن باشلىنىدۇ. يەنە بەزى چۆچەكلەردە قېرىپ قالغان ئاتا ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا ئۈچ تۈرلۈك ۋەسىيەت قالدۇرىدۇ. بالىلىرى بۇ ۋەسىيەتنى ياخشى ئورۇندىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ مۈشكۈلاتلىرى ئاسان بولىدۇ ۋە كۈنلىرى تولىمۇ باياشاتچىلىقتا ئۆتىدۇ. مەسىلەن، «بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى»، «ئۈچ ئېغىز ھېكمەتلىك سۆز»... قاتارلىق چۆچەكلەردە مۇشۇنداق

ۋەقەلىكلەر بار.

ۋەسىيەتنامىلەردە ۋەسىيەت قالدۇرغۇچىنىڭ ھاياتىدا نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ۋە ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنىڭ قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى ئەكس ئېتىدۇ. جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئەخلاققا خىلاپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزىدىغان، كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سالىدىغان ۋەسىيەتلەر ئومۇم تەرىپىدىن چەكلىنىدۇ. ۋەسىيەت قانداشلىق ۋە دوستلۇقنى ئاساس قىلىپ ئەجدادلارنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزىدىغان بۇرچ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئۆز ئاتا ـ ئانىسى ياكى تۇغقانلىرىنىڭ ۋەسىيىتىنى بەجانىدىل ئورۇندىمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك.

قىسقىسى، ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى جامائەت گۇۋاھلىقى، قانداشلىق، مىراس تەقسىملەش، مۈلۈك ۋارىسلىقى ۋە ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا چېتىلىدىغان، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدىغان بىر ياخشى ئادەتتۇر. شۇنداق ئىكەن، ۋەسىيەت قالدۇرۇشنى زۆرۈر، دەپ قارىغان ۋە ۋەسىيەت قالدۇرۇشقا شەرتى توشىدىغان كىشىلەرنىڭ ۋەسىيەت قالدۇرۇشى مۇھىمدۇر.

پايدىلانمىلار:

① «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

② بېرتارانت. رۇسسىل (ئەنگلىيە)، (ئەركىن ئىبراھىم تەرجىمىسى)، «نىكاھ ئىنقىلابى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 25 ـ بەت.

③ مۇھەممەتئىبراھىم سايىت، ئىسرايىل يۈسۈپ نەشرگە تەييارلىغان: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 317 ـ ، 318 ـ بەتلەر.

④ گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ نەشرگە تەييارلىغان: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 61 ـ بەت.

⑤ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 108 ـ بەت.

⑥ مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى [مىسىر] : «ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە ـ مارجانلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى، 408 ـ بەت.

⑦ «بىلقۇت خەزىنىسى» ناملىق ئېلېكترونلۇق لۇغەتتىن.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىدا)

# تاشنى ئۇلۇغلاش ئادىتىنىڭ ئىلى رايونىدىكى ئىزنالىرى



كامىلە ئابدىمۇلۇك

تاشنى ئۇلۇغلاش ئادىتى ـ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئېتىقادلارنىڭ بىر تەركىبى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزىگە خاس ئورۇن ئىگىلەپ، تەبىئەتكە چوقۇنۇش، توتېمغا چوقۇنۇش ۋە روھقا چوقۇنۇش قاتارلىق ئېتىقادلار بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. ئۇ شامانىزم پەيدا بولۇپ «ھەممىدە روھ بار» ئىدىيىسىنىڭ ئومۇملىشىشى ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن بىر خىل چوقۇنۇش ئادىتىدۇر .

بۇ خىل ئادەتنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەر خىل ئامىللار رول ئوينىغان بولۇپ، ئەڭ ئاۋۋال ئىنسانلارغا ئۆزى ياشاۋاتقان تەبىئەت دۇنياسى بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن. تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە تەبىئەتتىكى شەيئىلەر

ئىپتىدائىي ئىنسانلارغا قورقۇنچ، ۋەھىمە تۇيغۇسى بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئىستىكىنىمۇ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار تەبىئەتتىكى شەيئىلەرنى جانلىقلاشتۇرۇپ ھەممىلا نەرسىدە روھ بار، دەپ قاراپ ئۇلاردىن ئەيمەنگەن ۋە شۇ ئاساستا چوقۇنغان، ئۇلاردىن كېسەللىرىگە شىپا تىلىگەن.

تاشنى ئۇلۇغلاش ئادىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە يەنە تاشنىڭ قورال بولۇش رولىمۇ مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. ئىپتىدائىي ئىنسانلار تاشنى يانچىش، بىر - بىرىگە سۈركەپ سىلىقلاش ئارقىلىق قورال ياساپ، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلىغان ۋە ئۇلاردىن مۇداپىئەلەنگەن. تاشنىڭ بۇ رولى تەبىئىي ھالدا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۇنى چوڭ كۆرۈش خاھىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان .

تاشنىڭ ئوت پەيدا قىلىشتىكى تاشنى ئۇلۇغلاش ئادىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ئوت ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىنتايىن زور قولايلىق ئېلىپ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن تاشنى ئۇلۇغلاپ ئىلاھىي كۈچ سۈپىتىدە قەدىرلەش ئادەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ توغرىسىدا مۇنداق بىر ئەپسانىنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ:

«ئۆلگىن ئاسماندىن بىرى ئاق، بىرى قارا ئىككى تاشنى ئېلىپ چۈشۈپتۇ. ئازراق قۇرۇق چۆپنى ئۆۋۈلاپ بىر تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ يەنە بىر تاش بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرغانىكەن، ئوت تۇتۇشۇپتۇ ھەممە ‹بۇ ئوت ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ تاشقا چۈشۈشىدىن پەيدا بولغان› دەپتۇ» ① .

ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تاشنى ئۇلۇغلاش ئادىتىدە تەبىئىي، ئادەتتىكى تاشلارنى ۋە ئالاھىدە غەلىتە تاشلارنى ئۇلۇغلاش ئادىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلار تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

غۇلجا ناھىيە مازار يېزا تار كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تەبىئىي ئورمانىنىڭ يان باغرىغا جايلاشقان چوڭراق ھەجىمدىكى، يۈزى ئۇششاق تاش دانچىلىرى بىلەن تولغان سۇر رەڭلىك تاشتىن شىپا تىلىشى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. يەنى بۇ تاش تەبىئىي ئورمانىنىڭ يان باغرىغا جايلاشقان كىچىك ئېرىقنىڭ بويىدا بولۇپ، كىشىلەر بەدىنىگە سۆگەل چىقىپ قالغاندا تاشنىڭ ئۇيمان يەرلىرىگە تولۇپ قالغان يامغۇر سۇلىرى بىلەن ياكى تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان ئۇششاق پارچە تاشلارغا سۆگەلنى يۇيۇپ ياكى سۈركەپ بولۇپ، «سۆگەل سېنىڭدە بولماي، مەندە نېمە ئىش قىلسۇن، مەندىن ساڭا كۆچسۇن» دەپ ھۆرۈپ، رازىلىقى بىلەن ئاتىغادلىرىنى (پارچە پۇل، رەخت پارچىسى، قول ياغلىق، تۈگمە، مارجان، ئۇششاق تاش) قويۇپ تاكى ئۆيىگە بارغىچە ئارقىسىغا قارىماي قايتىپ كېلىدۇ. ئەگەر ئارقىسىغا قارالسا سۆگەل ئىگىسىگە ئەگىشىپ بىرى ئۇن بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ، دەپ قاراپ بۇ ئالاھىدە، غەلىتە تاشتىن تېرە كېسىلىگە شىپا تىلىشىدۇ.

يۇقىرىقى مىسالدىن باشقا يەنە مەزكۇر رايوندا «خادا تاش» دەپ ئاتىلىدىغان دۆڭلۈكتە «قازان تاش» دەپ نام قويۇلغان شەكلى قازانغا ئوخشايدىغان دۆڭلەك، ئۇيمان ھەم بۇ ئۇيمانىدىن تەبىئىي بۇلاق سۈيى ئېتىلىپ چىققان تاش بولۇپ كىشىلەر بۇ تاشتىن چىققان بۇلاق سۈيىنى دورىلىق، سېھىرلىك سۇ دەپ قاراپ كۆز ئاغرىقى، قولاق ئاغرىقى، باش ئاغرىقى، تېرە كېسىلى قاتارلىق كېسەللىرىگە شىپا تىلەپ ئاغرىۋاتقان ئورۇنلىرىنى يۇيىدۇ ھەم ماددىي بۇيۇملارنى قويۇشىدۇ. يەنە بۇ ئورۇنغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر دۆڭلۈك بولۇپ بۇ يەردە تاشقا ئايلانغان قوش بېشى شەكلىدىكى تاشلار نۇرغۇن بولۇپ كىشىلەر تەرىپىدىن «قوش تاش» دەپ ئاتالغان ۋە شۇ يەردىكى باللارنىڭ سۆيۈپ ئوينىشىغا ئېرىشكەن.

بۇنداق تاشنى ئۇلۇغلاش ئادىتىنىڭ ئىزناسى يەنە غۇلجا ناھىيە دۆڭمازار بازىرىنىڭ توقاي كەنتىدىمۇ ئۇچرايدۇ. يەنى قاش دەرياسى بويىدىكى توقايلىقتا جايلاشقان ئارىشاڭ سۈيى كەڭلىكى ئىككى - ئۈچ مېتىر، ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر كېلىدىغان تاشلاردىن سىرغىپ چىققانلىقتىن ۋە گۈڭگۈرت پۇرىقىدەك غەيرىي پۇراق بولغانلىقتىن شىپالىق سۇ دەپ قارىلىپ رېماتىزىم، بەل - پۇت ئاغرىقى، باش ئاغرىقى، ھەرخىل تېرە كېسەللىكلىرىگە شىپا قىلىدۇ دەپ ئىشلىتىلىدۇ ھەم بۇ سۇ تاشتىن تەبىئىي سىرغىپ چىققانلىقتىن مەزكۇر تاش ئۇ-

لۆغلىنىپ كىشلەر ماددىي بۇيۇملارنى تاشنىڭ يېنىدىكى دەرەخكە ياكى تاشنىڭ ئەتراپىغا تاش پارچىلىرى بىلەن باستۇرۇپ قويىدۇ.

يەنە نىلقا ناھىيىسىدە «بالا تاش» دەپ ئاتىلىدىغان تاش بولۇپ تاغنىڭ چوققىسىغا جايلاشقان. يىراقتىن قارىغاندا بالىنىڭ ئولتۇرغان شەكلىدە كۆرۈنىدۇ. كىشىلەر بۇ تاغقا چىققاندا، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى، كىم بىلەن قانداق ۋەدىلەشكەنلىكى توغرىسىدا تاشنىڭ كاماللىرىغا ياكى ئەتراپىغا بەلگە سىلىپ قويۇش ئارقىلىق قەدىرلىشىدۇ ② .

ئىلى خەلقىنىڭ بۇ ئادىتى شامانىزمدىكى ئالاھىدە، غەلىتە بولغان تاشلارنى ئۇلۇغلاش ئادىتى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە تەبىئەتتىكى مۆئەييەن ئورۇنغا ئىگە، ئەسلىي ئورنىدىن يۆتكەلمىگەن خۇسۇسىيەتلىك تاشلارغا بولغان چوقۇنۇشتۇر. بۇ فرازىنىڭ «ئەگەر ئادەتتىكى تاشلار ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە مۇستەھكەملىكى بىلەن سېھرىلىك بولسا، غەلىتە تاشلار ئۆزىنىڭ ئالاھىدە شەكلى ۋە رەڭگى بىلەن تېخىمۇ زور سېھرىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ» ③ ، دېگەن قارىشىنى قۇۋۋەتلەپ، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىيات جەريانىدا ھەممىلا نەرسىگە چوقۇنۇش ئەمەس، بەلكى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغان ئۆز تۇرمۇشلىرى بىلەن بەكرەك يېقىن بولغان ئالاھىدە تەبىئەت ئېلېمېنتلىرىغا چوقۇنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىلى خەلقى شەكلى ئالاھىدە، روشەن خۇسۇسىيەتكە ئىگە تاشلارنى ئۇلۇغلىغاندىن باشقا يەنە تەبىئىي، ئادەتتىكى تاشلارغىمۇ ئىلاھىي تۈس يۈكلەپ ئۇلاردىنمۇ قىينچىلىقلىرىغا، كېسەللىرىگە شىپا تىلىشىدۇ. مەسىلەن، توققۇز بۇلاقتىن تېرىۋېلىنغان توققۇز تال تاشقا دۇرۇت ئوقۇپ، ئۇنى سۇغا چايقاپ ئىچسە، تۇغماس ئاياللار پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسىغا يېتىدۇ ۋە شۇ تاشلاردەك ئۈششاق، كۆپ بالىلىق بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

تاشنى ئۇلۇغلاش ئادىتى شامانىزمنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوخشاشلا ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگە سىڭىپ كىرىپ تاكى بۈگۈنگە قەدەر تەسىرىنى يوقاتماي كەلمەكتە. مەسىلەن:

ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆمۈر مۇراسىملىرىنىڭ بىرى بولغان دەپنە مۇراسىمىدا ئۆلۈم بولغان ئۆيدە مېيىتنىڭ يېقىن كىشىلىرى، يەنى ياشتا چوڭراق ئاياللار ئۇ ئۆلۈپ تاكى يەتتىنچى كۈنىگە قەدەر ھەرقايسى بۇلاقلاردىن تېرىۋېلىنغان مارجان چوڭلۇقىدىكى تاشلارغا دۇرۇت - ئايەتلەرنى ئوقۇپ ئۆلگۈچىنىڭ تۇپراق بېشىغا چېچىۋېتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆلگۈچىگە ئوقۇلغان دۇئا - تىلاۋەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇشى تېز بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇششاق بالىلار تاش ئوينىسا «يامان بولىدۇ» دەپ ئۇلارنىڭ تاش ئوينىشىنى چەكلەيدۇ. بولۇپمۇ ئاق تاش ئوينىسا كۆزىگە ئاق چۈشىدۇ دەپ قاراپ ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشقى سېھرىگەرلىك ئادىتىدە تاشقا ئايەت ئوقۇلۇپ ۋە بۇ تاشنى ئوت ئۈستىگە قويۇپ قىزدۇرۇپ ئىسسىتقۇ قىلىش ئادىتىمۇ ئۇچرايدۇ. يەنە كۆز مونچاق، قاشتېشى قاتارلىق رەڭلىك تاشلارنى تۇمار قىلىپ ئېسىش ئادىتىمۇ بار بولۇپ، بۇ شامان دىنىدىكى تاغ - تاشلارغا چوقۇنۇشنى ئېتىقاد ئىدىيىۋى مەنبەسى قىلىپ شەكىللەنگەن ۋە ئۇلارغا «قوغدىغۇچى روھ»لۇق سۈپىتى بېرىلگەن ھەم ئۇلارنىڭ گۈزەللىك قارىشى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن.

قىسقىسى، تەبىئەت جىسىملىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەن شامان دىنىنىڭ بۇ قالدۇق تەسىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ناھايىتى ئۇزاق ھۆكۈم سۈرۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت، دۇنيا قاراش، ئەدەبىيات - سەنئەت، كۈندىلىك تۇرمۇشلىرىدىكى ئۆرپ - ئادەتلىرىگىچە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنلىكتىن تا بۈگۈنگە قەدەر ئىلى رايونىدىمۇ ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

ئىزاھات:

① ، ② قەلبىنۇر مۇھەممەد: «تاش ۋە ئۆتكۈر ئېتىقادچىلىقى»، «مىراس» ژۇرنىلى 1995 - يىللىق 2 - سان.

③ فرازېر: «ئالتۇن شاخ» جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى 1987 - يىل نەشرى (خەنزۇچە).

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2006 - يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

## بىلدۈرگۈ

2 - سان ژۇرنال مۇقاۋىسىنىڭ سۈرىتىنى يۈسۈپجان تۇرسۇن تارتقان بولۇپ، 2 - سان ژۇرنالدا ئەسكەرتىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇق. شۇڭا شۇ مۇناسىۋەتتە ئاپتوردىن ۋە كىتابخانلاردىن كەچۈرۈم سورايمىز.



مېھرىگۈل قادىر

# ئۇيغۇر باللار ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولى

مەلۇمكى، بىر مىللەت فولكلور بايلىقىنىڭ مول بو- لۇش ياكى بولماسلىقى شۇ مىللەت فولكلور تەركىبىنىڭ كۆپ خىل بولۇش بولماسلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيەت بايلىقىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئىچىدە قەدىمىيلىكى كۈچلۈك، ئىلمىيلىكى يۇقىرى، مەزمۇنى كۆپ خىل ئېسىل دۇردانىلەرنىڭ كۆزنى چاقنىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەنە شۇ دۇردانە- لەر ئىچىدە تارىختىن بۇيان مىللەتنىڭ كەلگۈسى بولغان ياشلار ــ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان فولكلور بايلىقىنىڭ خېلى سالماقنى ئىگىلەپ، مۇكەممەل يوسۇندا نەزەرگە تاشلىنىپ تۇرغانلىقىنى بايقىيالايمىز.

ئۇيغۇر باللار ئويۇنلىرى ئىنتايىن قەدىمىيلىككە ئىگە بولۇپ، تارىخىي كىتابلار، بولۇپمۇ ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرى- لەنگەن بىر قىسىم باللار ئويۇنلىرىنىڭ ئىنتايىن قەدى- مىيلىكى، ئىلمىيلىكى، مول مەزمۇنلۇق ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ باللارنىڭ ئۆزىنى تەربىيىلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى بايلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. باللا- لار ئويۇنى باللارنىڭ ساددا ۋە ئەركىن تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى. باللار ئويۇنى ئەنە شۇنداق تەسەۋۋۇر ئىچىدە ئىجاد قىلىنغان بولغاچقا مەزمۇن دائىرىسى كەڭ، شەكلى خىلمۇخىل بولىدۇ.

مېنىڭچە، ئۇيغۇر باللار ئويۇنلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ.

**1. باللارنىڭ تىلىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە**

تىل تەپەككۇرنى ئىپادىلەيدىغان قورال. باللار تىلى- نىڭ بارا ــ بارا يېتىلىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، قاپىيىلىك سۆز ۋە شېئىرىي قوشاقلارنى ئاڭلاشقا قىزىقىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ياش ئۆلچىمىگە مۇناسىپ ئويۇنلارنى ئويناش جەريانىدا قوشاق ئېيتىپ كۆڭۈللىرىنى خۇش ئېتىدۇ. مانا بۇنداق قوشاق ئېيتىش باللارنىڭ تىل نۇتقىنىڭ يېتىلىشىگە ئالا- ھىدە ياردەم بېرىدۇ.

ئالايلۇق، باللار ئۆيدە پۇت ـ بارماقلىرىنى ساناپ «تاققا ـ تۇققا ۋە زەنجىر ھالقا» قوشىقىنى ئېيتسا، سىرتقا چىقىپ ئۆزىگە ئاداش ئىزدىمەكچى بولغاندا:

ئاق تاش، كۆك تاش،
دەريادىكى سۈزۈك تاش.
سېنىڭ بىلەن مەن ئاداش،
ئوينايدىغان باللار بارمۇ.

دەپ قوشاق قوشۇپ بىللە ئوينايدىغان جورا ئىزدەيدۇ. ئاداشلىرىنى تاپقاندا بولسا:

ئاداش ـ ئاداش بولايلى،
بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى.

دەپ قول تۇتۇشۇپ قوشاق توۋلاپ بىر ـ بىرىگە دوستلۇقنى ۋە ساداقەتمەنلىكنى ئىزھار قىلىشىدۇ. باللار سۇغا چۆمۈلۈپ چىققاندىن كېيىن ئىچ كىيىملىرىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن بۇ قوشاقنى ئېيتىدۇ ۋە ئەگەر ھاۋا تۇتۇلۇپ قالسا، ئۇلار توپلىشىپ كۈن چىقىش تەرەپكە قاراپ:

ئاپتاپ چىق، ئاپتاپ چىق،
بەش بالاڭنى سۆرەپ چىق!
بەش بالاڭ بولمىسا،
ئەسكى چاپىنىڭنى سۆرەپ چىق.

دەپ چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈشۈپ كۈننىڭ تېزراق چىقىشىنى ئارزۇ قىلسا، يامغۇرلۇق كۈنلەردە ئۆزلىرىگە دالدىراق بىر جاينى تېپىپ توپلىشىپ:

يامغۇر ياغدى ـ قار ياغدى،
شارقىراپ كەتتى.
ئۆتۈكۈمنى مايلىسام،
پارقىراپ كەتتى.

دېگەنگە ئوخشاش قوشاقلارنى ئېيتىپ تىل قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ تەپەككۇرىنى بېيىتىدۇ. باللار ئۆزلىرىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، سۆز ئويۇنى ئويناش ئارقىلىق بىر ـ بىرىنىڭ تىل قابىلىيىتىنى سىنىشىدۇ.

مەسلەن: قىشتا كىشمىش پىشماسمىش،
پىشسىمۇ يەرگە چۈشمەسمىش.

قارا شەھەردىن كەپتۇ ئاق مەخمەل پايپاق،
ئاق شەھەردىن كەپتۇ كۆك مەخمەل پايپاق.

دېگەندەك تەلەپپۇز قىلىش بىر قەدەر قىيىن بولغان سۆزلەردىن تۈزۈلگەن سۆز ئويۇنلىرىنى ئەڭ تېز، ئەڭ توغرا تەلەپپۇز بىلەن ئېيتىشتا بەسلىشىدۇ.

بۇ خىل ئويۇنلار باللارنىڭ تىلىنى چېنىقتۇرۇش، تەلەپپۇز ئىقتىدارىنى، نۇتۇق قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ ھەم باللارنىڭ تەپەككۇرىنى تىل بىلەن توغرا ئىپادىلەش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**2. ئەقلىي قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە**

باللار ئۆزىنىڭ ھېس تۇيغۇسى ۋە سەزگۈسىگە تايىنىپ ھەر خىل ئويۇنلارنى ئىجاد قىلىدۇ. بۇ ئويۇنلارنى ئويناش جەريانىدا ئۆزلۈكىدىن ھەر خىل ئويۇنچۇقلارنى ياسايدۇ ۋە ئىجاد قىلىدۇ.

ئالايلى، پىلدىرلىغۇچ ئويۇنى، غالتەك ھارۋا ئويۇنى، لەگلەك ياساش، قار ھەيكەل ياساش ئويۇنى قاتارلىق ئويۇنلار باللارنىڭ كاللا ئىشلىتىپ ھەر خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئۆگىنىش، پەم ـ پاراستىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. باللار بۇ ئويۇنلارنى ئويناش ئارقىلىق زېھنىي قۇۋۋىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدە بەلگىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى بىلەن تونۇشۇشقا باشلايدۇ ھەمدە تەدرىجىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە ئازدىن كۆپكە، يۈزەكىلىكتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ يۈزلىنىپ يېڭى ۋە مۇرەككەپ نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىشقا پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان بولىدۇ. شۇنداقلا ياسىغان ئويۇنچۇقلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىجادىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە بولىدۇ.

باللارنىڭ يەنە ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدىغان تېپىشماق تېپىش ئويۇنىمۇ بار. تېپىشماقلىق ئويۇن كۆلكە ۋاسىتىسى ئەمەس، بەلكى باللارنىڭ زېھنىنى ئاچىدىغان، چۈشىنىش ئىقتىدارىنى، ئەقلىي قابىلىيىتىنى سىنايدىغان، ئۇلارنىڭ ئىلىم ـ پەنگە بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتىدىغان ئەپچىل، تەسىرلىك ئويۇن بولۇپ، ئۆسمۈر باللارنى تەربىيىلەش ۋاستىسىدۇر.

تېپىشماقلارنىڭ كۆپ قىسمى باللارنى ئوبيېكت قىلغان بولۇپ، باللارنىڭ قوبۇل قىلىش ھەم چۈشىنىشىگە ماس كېلىدۇ ھەم كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى ئوزۇقى، باللار ئۇنى تولىمۇ ياقتۇرىدۇ. ئادەتتە باللار مەكتەپتىن قايتقاندا، كەچقۇرۇنلىرى ئائىلىدە جەم بولغاندا چوڭلاردىن ئۆگىنىۋالغان ياكى كىتابتىن يادلىۋالغان تېپىشماقلارنى ئېيتىپ، بىر ـ بىرىگە جاۋاب تاپقۇزۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى سىنىشىدۇ.

باللارنىڭ يەنە سوئال ـ جاۋابلىق قوشاق ئېيتىش ئويۇنىمۇ بار، بۇ ئويۇنمۇ باللارنىڭ ھازىر جاۋاب بو-

لۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ.

مەسىلەن ئالايلى:

ــ ئالاقاغا ئۆيۈڭ نەدە؟

ــ ئالا تاغدا.

ــ نېمە يەيسەن؟

ــ سوقا جىگدە.

ــ نېمە قىلىسەن؟

ــ چوقۇلايمەن.

ــ يەنە ـ يەنىچۇ؟

ــ كاركىرايمەن،

ــ قورسىقىم ئاچسا قاترايمەن.

يەنە دۇم ـ دۇم ئويۇنى ۋە بۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆپلىگەن شەكلى ئوخشاشمايدىغان سوئال ـ جاۋابلىق ئېيتىشىش ئويۇنلىرى بار. بۇ ئويۇن باللارنىڭ زېھنىنى ئېچىشقا، تېز ئويلاش، تېز جاۋاب بېرىشتەك ھازىر جاۋاب ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىگە پايدىلىق.

**3. تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە**

باللار ئويۇنىنىڭ كۆپ قىسمى باللارنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. باللارنىڭ ساغلاملىقى، مىللەتنىڭ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ساغلام، سۈپەتلىك بولۇشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. باللار ئويۇنى ئىچىدە ۋاللەي ئويۇنى، چېلىشىش ئويۇنى، قول بېسىپ كۈچ سىنىشىش، تاياق تارتىش، كانكىي تېپىلىش، پۇت توپ ئويۇنلىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. بۇ ئويۇنلاردا بەدەن چېنىقتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئامىللار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. بۇ ئويۇنلارنى ئويناش ئارقىلىق باللار ئۆزلىرىدە ئىجادچانلىق روھىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىرگە زەنجىرسىمان ئۇلىنىپ كەلگەن ھەر خىل ھەرىكەتلەر ئارقىلىق پۈتۈن بەدەننىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىشقا سېلىپ چېنىقتۇرۇش بىلەن گۈزەللىك گىمناستىكىسىنى تاماملايدۇ. باللار ئويۇن ئويناش داۋامىدا ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە يارىشا قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى بولىدىغانلىقى، بىر ئىشنى يادقا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش زۆرۈرلۈكى ھەققىدە چۈشەنچە پەيدا قىلىدۇ.

**4. تەبىئەتنى تونۇش ۋە چۈشىنىش جەھەتتە**

تەبىئەت يېتىلىۋاتقان باللار ئۈچۈن تولىمۇ سىرلىق بولۇپ، باللار تەبىئەتتىكى ھەر خىل ھادىسىلەرگە چەكسىز رەۋىشتە قىزىقىدۇ. بۇ قىزىقىش ئىستىخىيىلىك ھالدا باللارنى تەبىئەت بىلەن تونۇشۇش، تەبىئەتنى چۈشىنىش باسقۇچىغا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن باللار تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل شەكىللەر، ھەر خىل جانلىقلار ۋە ھەر خىل ئۆزىگە يات بولغان ئاۋاز، سۈرەتلەرنى ياساش، دوراش، توۋلاش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ پائالىيەت باللارنىڭ تەبىئەتنى چۈشىنىش، ئۇنى سۆيۈش ۋە ئۆزىنى تەبىئەتكە بېغىشلاشتەك روھىنى يېتىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە تەققاسلانغان ئويۇنلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. بۇنداق ئويۇنلار ئۇيغۇر باللار ئويۇنلىرى ئىچىدە خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، چۈشۈق ئات ئويۇنى، غازاڭ زەنجىر ئويۇنى، ئىلانگۈچ ئويۇنى، چوكان سېكىلەك ئويۇنى، تۈگمەن ياساش ئويۇنى، ئارپا پىشتى ئويۇنى قاتارلىق ئويۇنلار باللارنىڭ تەبىئەتنى چۈشىنىش، تەبىئەتنى سۆيۈش جەھەتتە نۇرغۇن ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

باللار بۇ ئويۇنلارنى ئويناش ئارقىلىق كەڭ تەبىئەت بىلەن تونۇشۇپ، ھەر خىل شەيئىلەرنى كۆزىتىپ تەبىئەتكە بولغان چۈشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ ۋە تەبىئەتتىن زوق ئالىدۇ. باللارنىڭ تەبىئەت ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىشى ئۇلارنىڭ خۇشال ـ خۇرام كەيپىيات ئىچىدە ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناش جەريانىدا تەدرىجىي يېتىلىدۇ.

**5. كىشىلىك مۇناسىۋەتنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە**

قانداق قىلغاندا كىشىلەر بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە ياخشى، ئىناق ئۆتۈش باللار كىچىكىدىنلا بىلىشكە تېگىشلىك بولغان ئالاھىدە مەسىلە. باللار ئويۇنىغا بۇ خىل كۆز قاراش سىڭدۈرۈلگەن. باللار شۇ ئويۇننى ئويناش ئارقىلىق ئىجتىمائىي پائالىيەت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

باللار ئويۇنلىرى ئىچىدە «ئاق تېرەك، كۆك تېرەك، قارىغۇ چاشقان، مۆكۈ ـ مۆكۈلەڭ، قارا ـ قاراقۇشلارىم، ياغلىق تاشلاش ئويۇنى، تۆگە ـ تۆگىلەڭ» قاتارلىق ئويۇنلار باللارنى دوستلۇققا ئۈندەپ، ئۆزئارا ئۆتۈنۈش، يول قويۇش، ياردەملىشىش، ئىناق ئۆتۈش ۋە ۋەدىسىدە تۇرۇشتەك ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇش، سىر ساقلاشنى ئۆگىنىۋېلىشقا، پەرەز قىلىپ بىلىۋېلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا، مۇستەقىل ئەقلىي خۇلاسە چىقىرالايدىغان، نەتىجە ئالدىدا كۆرەڭلەپ، ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەي، باشقىلاردىن غالىب كېلىشتەك غۇرۇرنى يېتىلدۈرىدۇ. شۇنداقلا دوستلۇقنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ «تويۇپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەپتۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇرراق چۈشىنىۋالالايدۇ ۋە كوللېكتىپنى سۆيىدىغان بىر

MIRAS

روهنى يېتىلدۈرىدۇ.

**6. ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە**

ئەخلاق ئادەم زىننىتى. ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك بولۇش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. باللارنىڭ كىچىكىدىنلا ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلىشى جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئاساسى. باللار ئويۇنى بۇ جەھەتتىمۇ باللارنىڭ يېتەرلىك تەربىيىلىنىشىگە يول هازىرلايدۇ. بولۇپمۇ قىزلىرىمىز بەكمۇ سۆيۈنۈپ ئوينايدىغان بۆشۈك ئويۇنى، قونچاق ئويۇنى، مېھماندارچىلىق ئويناش، نان يېقىپ ئويناش، چۆچۈرەڭ قاينايدۇ قاتارلىق ئويۇنلار بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ. بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئويۇنلار قىزلارنىڭ نورمال ئائىلىۋى تەربىيە ئېلىشىدا، ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشىدە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. كىچىكىدىنلا تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئۆگىنىش ۋە مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە دائىر چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولىدۇ. ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈش، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇشقا ئادەتلىنىدۇ. مېھماندارچىلىق ئويۇنى ئۇيغۇر قىزلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك مېھمان ـ دوستلۇق، شەرمى ـ هايالىق، قائىدە ـ يوسۇنلۇق، قولى چېۋەر، پەزىلەتلىك بولۇشتەك ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ئالاھىدىلىكىنى تولۇق چۈشىنىۋېلىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. «بۆشۈك ئويۇنى» ئويناشمۇ شۇنداق، قىزلاردا ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىش جەريانى ۋە بۇ جەرياندىكى جاپا ـ مۇشەققەت ھەم ئاپىسىنىڭ ئەجىر ـ مېھنىتى قاتارلىقلارنى ئاز ـ تولا چۈشىنىپ، ئاتا ـ ئانىنىڭ قەدرىگە، بولۇپمۇ ئانىنىڭ قەدرىگە يېتىشتەك روھىي كەيپىيات شەكىللىنىدۇ.

يۇقىرىقىدەك ئوخشاش بولمىغان ئۇيغۇر باللار ئويۇنى ئەجدادلارنىڭ ئىلغار ئۆرپ ـ ئادەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا ئۇماق باللىرىمىزنىڭ زېھنىي تەرەققىياتىنى ئېچىشنى مەقسەت قىلغان.

بۇ يەردە يەنە شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، باللار ئويۇنلىرىنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب ئۇنىڭدىكى قوشاقلارنىڭ رولىنىڭ ناهايىتى يۇقىرىلىقىدا. باللار قوشاقنى ئەڭ باللار ئۇچرىتىدۇ. باللار ئويۇنىدا باللار بىر تەرەپتىن ئويناپ بىر تەرەپتىن قوشاق ئېيتىدۇ. باللار ئويۇنى شەكىلدىن تارتىپ مەزمۇنىغىچە قويۇق شېئىرىي تۈس ئالغان بولۇپ، باللار ئويۇنلىرى، باللار قوشاقلىرىنىڭ توختاۋسىز جارى بولۇشى ۋە بېيىپ بېرىشى ئۈچۈن زېمىن هازىرلاپ بەرسە، باللار قوشاقلىرى باللار ئويۇنلىرىنى مول مەزمۇنغا ئىگە قىلىپ، باللارغا ھەر تەرەپلىمە ئەھمىيەتلىك تەربىيىۋى قىممىتىنى بېغىشلايدۇ.

باللار قوشاقلىرى ئاهاڭغا سېلىنىپ ئېيتىلىش ئارقىلىق ئويۇننىڭ مەزمۇننى بېيىتىپ، باللارنىڭ ھەۋىسىنى ئاشۇرىدۇ ۋە ئېغىزدا ئېيتىلغان بۇ خىل رىتىم ئويۇننىڭ بىرلىككە كېلىشىنى، ئويۇننى تېخىمۇ جانلىق تۈسكە كىرگۈزۈش ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ قوشاقچىلىق ئۆزگىچىلىكىگە ۋارىسلىق قىلىشتەك مەنىۋى هايات ئېھتىياجلىرىدىن بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

دېمەك، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنى ئوينىشى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك شەيئىلەرگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى، ھەق بىلەن ناھەقنى، ياخشى بىلەن ياماننى پەرق ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى قەدەممۇ قەدەم ئاشۇرىدۇ. شەخسىي بىلەن كوللېكتىپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نىزامىنى بىلىشكە يېتەكلەيدۇ ھەم باللارنىڭ ھەممىلا شەيئىگە يېڭىلىق بىلەن قىزىقىش تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. باللىق دەۋر شۇ باللارنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە قاراپ كېتىۋاتقان ئەۋرىشىمچانلىق كۈچلۈك بولغان بىر مەزگىل. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بۇ ئالاھىدىلىكنى چىقىش قىلىپ، مۇۋاپىق ۋاقىت ئاجرىتىپ، باللارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئويۇنلارنى ئويناش ئارقىلىق يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى نامايان قىلدۇرۇشىدا ئاز ـ تولا شارائىت هازىرلاپ بەرسە، باللارغا بولغان بېسىم كۈچىيىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە باللارنى پاسسىپ ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىدىن ساقلاپ، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ساغلام يېتىلدۈرۈشتەك بىر مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن. چۈنكى، باللارنىڭ تەربىيىلىنىشى ئائىلىنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە مىللەتنىڭ تەربىيىلىنىشى، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ تەربىيىلىنىشىدۇر.


پايدىلانمىلار:

(1) «باللار ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» تۇرسۇن قۇربان، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 86 ـ يىل نەشرى.

(2) «ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى» مۇھەممەدجان ئابلىز، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى.

(3) «مىراس» ژۇرنىلى 1999 ـ يىللىق 3 ـ سان.


(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدە)






## ساقچىنىڭ يېڭى ۋەزىپىسى



يول ياقىسىدا بىر بالا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان ساقچىنىڭ قولىنى تارتىپ دەپتۇ:

—ساقچى تاغا، تېزراق بېرىپ ئاپامغا ياردەملەشسىڭىز. دادام ئاپامنى ئۇرۇۋاتىدۇ!

ساقچى سوراپتۇ:

—سەن مېنى دادامنى تۇتۇڭ دېمەكچىمۇ؟

—ياق،—بېشىنى چايقاپتۇ بالا،—سىز ئاپامنىڭ قولىدىكى ئۇكامنى ئېلىپ تۇرسىڭىز، ئاپام دادامنى ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى!

## ھۆسن تۈزەش



ئىككى پىنگۋىن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىپ، بىر پەرزەنتلىك بوپتۇ. تۇغۇلغان پىنگۋىن ئىنتايىن سەت كۆرۈمسىز بولۇپ، ھېچقايسىغا ئوخشىماپتۇ. ئەر پىنگۋىن غەزەپلىنىپ ئايالىنىڭ گېلىنى سىقىپ سوراپتۇ:

—ئېيتە بۇ زادى كىمنىڭ بالىسى؟ بۇ زادى قانداق ئىش؟

ئايال پىنگۋىن يىغلاپ تۇرۇپ:

—ئۇ ماڭا ئوخشاپتۇ. مەن سىز بىلەن تونۇشۇشنىڭ ئالدىدا ھۆسن ئوپېراتسىيىسى قىلغان،—دەپتۇ.

## ئەقىللىق ئوغۇل

ئوغلى تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان دادىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى:



—دادا، كومپيۇتېردا بىرسى ساڭا سەت گەپ قىلغانىدى، مەن ئاچچىقىمدا ئۇنىڭ تور بېتىنى قاپقارا قىلىۋەتتىم.

دادىسى ھەيران بوپتۇ:

—ئۇنى قانداق قارا قىلىۋەتتىڭ؟ سەن تېخى تۆت ياش تۇرساڭ، قانداق قىلىپ قارا قىلالىدىڭ؟ مېنىڭ ئەقىللىق ئوغلۇم دېگىنە؟

—كومپيۇتېرنىڭ يۈزىگە قارا سىرنى بولۇشىغا سۈركۈۋەتتىم!—دەپتۇ بالا ۋە قولىدىكى قاپقارا چوتكىنى دادىسىغا كۆرسىتىپ.

## تاللاش



دادىسى كومپيۇتېردا ئويۇن ئويناۋاتقان بالىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ سوراپتۇ:

—ئوغلۇم، ئەگەر ئاپاڭ ئىككىمىز ئاجرىشىپ كەتسەك سەن كىم بىلەن تۇرۇشنى تاللايسەن؟

ئوغلى دادىسىغا قاراپمۇ قويماي قولىنى ئۇزىتىپتۇ:

—ماڭا ئاجراشقان كىنىشكىلارنى بەرگىن.

دادىسى ھەيران بوپتۇ:

—نېمە قىلىسەن؟

—مەن كومپيۇتېرغا قاچىلاپ باقاي، مېنى قەيەرگە بۆلىدىكىن،—دەپتۇ ئوغلى بىپەرۋا قاراپ.

## ئىشنىڭ يامىنىنى ئويلىماڭ

ياتلىق بولۇپ بولغان قىزى يېرىم كېچىدە ئاپىسىغا تېلېفون قىلىپ يىغلاپتۇ:

—ئاپا، تاڭمۇ ئاتاي دېدى، ئۇ تېخى كەلمىدى، ئۇ چوقۇم يەنە كۆڭلىنى ئاچقىلى كەتتى!

ئاپىسى قىزىغا تەسەللى بېرىپتۇ:

—قىزىم، ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى ئويلىماڭ، بەلكىم ئۇنى يولدا ماشىنا سوقۇۋەتكەندۇ.

## تويدىن كېيىنكى تەسىرات

تېخى توي قىلمىغان تام يېڭىلا توي قىلغان ئاغىنىسى جىكتىن سوراپتۇ:

—دەپ باقە، تويدىن كېيىنكى تەسىراتىڭ قانداقراق؟

جىك:

—تويدىن كېيىن خۇددى ئايروپىلاندا ئۇچقاندەك بولۇۋاتىمەن.

تام تېخىمۇ قىزىقىپ سوراپتۇ.

—نېمە؟ ئاسماندا ئۇچقاندەك شۇنچە پەيزى بولامدىكەن؟

جىك خۇش ياقمىغاندەك دەپتۇ:

—سەن ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ باققانمۇ؟ ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ ئاسمانغا چىقىپ بولغاندا، دېرىزىنى ئېچىپ شۇنداق قارىساڭ، يېنىڭدىن باشقا ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەن، ئۇ چاغدا باشقا ئايروپىلانغا ئالمىشاي دېسەڭ مۇمكىن ئەمەس، ئامال يوق قولۇڭنى چىشلەپلا قالىدىغان گەپكەن.

## ئەر - ئايال ماجىراسى



ئەنۋەر ئەر - ئايال ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم سوقۇشۇپ تۇرىدىكەن، بۇلارنىڭ تۈگىمەس جېدەللىدىن قوشنىلارمۇ ئىنتايىن زېرىكىپتۇ. ئۇلار يەنە سوقۇشۇپ قاپتۇ. كېچىچە قوشنىلارغا ئارام بەرمەپتۇ. ئەتىسى ئەنۋەرگە ئۇدۇل قوشنىسى سەمەت ئۇچراپتۇ:

—ھە، جەڭچى ئىنىم، ئاخشامقى جەڭدە قايسىڭلار يەڭدىڭلار؟

ئەنۋەر ھېچ خىجىل بولماي:

—ئالدىنقى يېرىم مەيداندا ئۇ غەلىبە قىلدى، كېيىنكى يېرىم مەيداندا مەن يەڭدىم. بىراق ئۇ مېنى بىرنى ئارتۇق ئۇرۇۋالدى. ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشتۇق، — دەپتۇ.

## ھەممىدىن ئاپام چىرايلىق



خىزمەتداشلار يىغىلىپ تاماق يەيدىغان بوپتۇ. بىر ئايال قىزىنى بىللە ئېلىۋاپتۇ. ئۇنىڭ قىزى ھەم ئۇماق، ھەم بەك تاتلىق گەپ قىلىدىغان بولغاچقا ھەممىسى ئۇ قىزنى ئورىۋېلىپ گەپكە ساپتۇ:

—ھەي، تاتلىق خان، دەپ بېقىڭە بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن كىم چىرايلىقكەن؟

—سىز بەك چىرايلىقكەنسىز!

دېمىسىمۇ ئايگۈل ئىدارىدىكى خېلى چىرايلىق قىز ئىدى.

—بىراق ...—دەپتۇ قىز ئاپىسىغا قاراپ، —ھەممىدىن ئاپام چىرايلىق، چۈنكى ئاپام ماڭا ئوخشايدۇ، — دەپتۇ تاتلىق كۈلۈپ تۇرۇپ.

## دوختۇرلارنىڭ تەكلىپى




بىر ياشانغان موماي دوختۇرغا كۆرۈنۈپتۇ. دوختۇر بىر دورىنى بېرىپ ئىچىش ئۇسۇلىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ:

—دورىدىن ئىككىنى ناشتىدىن بۇرۇن ئىچىپ مىدىرلىماي ياتسىز، سەككىز سائەتتىن كېيىن تاماق يېسىڭىز بولىدۇ. بىراق، ھەر ئىككى سائەتتە بىر قايناق سۇ ئىچىپ تۇرۇڭ.

**ئەزىزە تۇيغۇن** تەرجىمىسى

2008.3



# كۆنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى

ن. ن. كاتانوف (روسىيە)

## يىمىشنىڭ مەزمۇنىنىڭ بايانى

(مىجىت ئاخۇن، تۇرپان، 1891 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى)

ئەگەر تۆرتىنچى ئايدا پىشقىنى جۇجەم بولادۇ. تۆرتىنچى ئاينىڭ يىگىرمىسىدە پىشقىنى ئۆرۈك بولادۇ. بەشىنچى ئايىنى كۆرۈپ يازلىغ ئالما پىشادۇ. بەشىنچى ئاينىڭ ئىچىدە شاپتۇلا ھەم پىشار، قوغۇن ھەم پىشار، ئۈزۈم ھەم پىشار، چىگىلە بۇغداي دەپ بىر قىسما بۇغداي ھەم پىشار. بۇ بۇغدايىنىڭ ئورنىغا قوناق تىرىسا، سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بىشىغىچە پىشىپ قالۇر. پىشماغان يىمىشنى بىز ھەممىسىنى خام دەيمىز. ئازاراق پىشقىنىنى «ئاران پىشىپتو» دەيمىز، ئارتۇق پىشقىنىنى «يامان پىشىپتو» دەيمىز.

## ھايگانىنىڭ مەزمۇنى

(مىجىت ئاخۇن، تۇرپان، 1891 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى)

ئىتىنىڭ بالىسىنى كۈچۈك دەيدو. ئىنەكىنىڭ بالىسىنى موزاي دەيدو. قوينىڭ بالىسىنى، يىڭى تۇققان گاختا قوزا دەيدو. ئاتىنىڭ بالىسىنى تاي دەيمىز. ئۆشكىنىڭ بالىسىنى ئوغلاق دەيمىز. تۆگىنىڭ بالىسىنى پوتاچاق دەيدو. ئىشەكىنىڭ بالىسىنى تاخار دەيدو؛ ئات بىرلەن ئىشەك تۇقسا، ئۇلارنىڭ بالىسى قىچىر بولادۇ. قىچىرنىڭ بالىسىنى قولان دەيدو. توخاي (توخۇ ـ ن ت) بالىسىنى جۇجەك دەيدو. غازنىڭ، ئۆردەكىنىڭ بالىسىنى جۇجەك دەيمىز. ئەركەك ئىشەكنى ھاڭغا دەيمىز، تىشىسىنى مادا دەيمىز. ئەركەك ئىتنى ئەركەك ئىت دەيدو، تىشىسىنى قانچىق دەيدو. ئىنەكىنىڭ تىشىسىنى ئىنەك دەيدو، ئەركىگىنى بۇقا دەيدو. پىشقان كالىنى ئۈي دەيدو. ئەركەك مۈشۈكنى ئەركەك مۈشۈك دەيدو، تىشىسىنى تىشى دەيدو، بالىسىنى ئارسلان. ئەركەك قوينى قوشقار دەيدو، پىشقىنىنى ئىرىق دەيدو، تىشىسىنى ساغلىق دەيدو. ئەركەك ئاتنى ئايغىر دەيمىز، پىشقىنىنى ئاقتا دەيمىز، تىشىسىنى بايتال دەيمىز. ئۆشكىنىڭ ئەركىگىنى تىكە دەيمىز، پىشقىنىنى سەركە دەيمىز، تىشىسىنى ساغلىق دەيمىز. تۆگىنىڭ ئەركىگىنى بۇرغا دەرلەر، پىشقىنىنى ئاقتا دەرلەر، تىشىسىنى ئىنگەن دەيدو. قىچىرنىڭ ئەركىگىنى ھاڭغا قىچىر دەيمىز، تىشىسىنى بايتال دەيمىز. ئىشەكنى، قىچىرنى پىشمايدو. بۆرىنىڭ ئەركىگىنى بۆرى دەيمىز، تىشىسىنى قانچىق دەيمىز، بالىسىنى كۈچۈك دەيمىز.

## ئەمەلدارلارنىڭ ھەم ئالبان ياساقنىڭ بايانى

(مىجىت ئاخۇن، تۇرپان، 1891 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى)

لۈكچۈننىڭ ئالبانىياساقىنىڭ تۆبىسىدە دورغا دەپ ئەمەلدارى بار. مىراپ دەپ ئەمەلدار بار. يەنە ئاقساقال دەپ ئەمەلدارى بار. ئون بېشى، قوبۇقچى دەپ ئەمەلدارى بار. دورغا دېگەن ئەمەلدارنىڭ قىلاتۇرغان ئىشى گاڭنىڭ قاراڭغى دالىنىدا ئولتۇرۇپ يۇرتىنىڭ سۇرىغىنى



M I R A S

سۇرايدۇ. مىراپ دېگەن ئەمەلدار يۇرتنىڭ يەر سۈيىگە قارايدۇ. ئاقساقال دېگەن ئەمەلدار بۇ ھەممە يەر سۈيىگە قارايدۇ. قوبۇقچى دېگەن دورغىنىڭ ئادەملىرى تۇرۇر. ھەر بىر دورغىنىڭ ئىككى قوبۇقچىسى بار. بۇ قوبۇقچىنى يۇرتتىن ئالادۇ. ئونبېشى دېگەن مىراپنىڭ ئارقادا، ئاقساقالنىڭ ئارقادا بىردىن ئىككى كىشى خىزمەتتە ماڭادۇ. دورغا بولغان كىشىنىڭ يۇرت تۆبىسىدىن يەيتۇرغان رىزقىسى بىر بۆلۇم يۇرت يېرىدىن يەر تېرىپ بۇغداي يېرى تېرىپ يەيدۇ. بۇ يەرنى ھەم يۇرت خەلقى تېرىپ بېرەدۇ. سۇغىرىپ پۇشۇرۇپ بېرەتۇرغانىنى دورغاغا ھەم يۇرت خەلقى بېرەدۇ. پىشقاندا ئورۇپ تېپىپ، بۇغداينى راستلاپ ئۆلىغى بىرلەن بۇنى ھەم تەييار قىلىپ بۇ يۇرت خەلقى ئاپكىرىپ سېڭغا قۇيۇپ بېرەرلەر. مىراپ دېگەن بىر بۆلۇم يەر تېرىدۇ. مۇنۇڭغا ھەممە يۇرت خەلقى تەييار قىلىپ ئاپكىرىپ بېرەدۇ. ئاقساقال دېگەن ئىككى يېرىم تاغارلىق يەر تېرىدۇ. بىر بۆلۇم دېگەن يەرگە ئىككى دادەن بۇغداي ئۇرۇق تۇشەدۇ. بىر دادەن ئون ياغاچ تۇرۇر. ئىككى يېرىم تاغارلىق دېگەن يەرگە ئىككى دادەن ئۇرۇق تۇشەدۇ. بۇ ئاقساقالنىڭ يېرىنى تېرىتۇرغىنىنى يۇرت تېرىپ بېرەدۇ. پۇشۇرۇپ ئاپكىرىپ ئېلىشنى ئۆزى ئاپكىرىۋالادۇ. ئونبېشى، قوبۇقچى دېگەننىڭ يۇرت يېرىدىن بۇلۇڭدىن يېرى بار. بۇلۇڭ يەرگە بىر دادەن ئۇرۇق تۇشەدۇ. بۇ خىزمەت يېرى تۇرۇر. يۇرتنىڭ يەنە يەككە دەپ ئالبانكېشى باردۇر. بۇ يەككە دېگەن ئالبانچى گەنچەي دېگەن ئالباڭغا بارادۇ. گەنچەي دېگەن خاننىڭ ئالبان ئىشىغا باراتۇرغىنى تۇرۇر. گەنچەي دېگەن لۇكچۇندىن قومۇلغا بارادۇ، قاراشەرگە بارادۇ، ئۇرۇمچىگە بارادۇ. بۇ يەككىنىڭ ئىشلەتەتۇرغان ئات ئارابىسى بۇ ھەممە يۇرتتىن بولۇرلەر. مەن ئېيتقان ئەمەلدۇر ھەممە يۇرتتا بار. بۇ يەككە گەنچەيگە بارغان ھەققىگە يۇرت يېرىدىن ئىككى يېرىم تاغارلىق يەر تېرىپ يەيدۇ. بۇلار قومۇلغا، قاراشەرگە، ئۇرۇمچىگە بارار بولسا، خاندىن



(بۇ سۈرەتلەر بۇندىن 100 يىل بۇرۇن تارتىلغان)

بەش سەر كۆمۈش بېرەدو. بۇلارنىڭ ئىشلەتەتۇرغان ئاتلىرى تۆرت بولۇر. بۇلار ھەممە يۇرتتىن بولۇر. لۇكچۇندە ئاتمىشتىن ئىككى سۇدا يۇز يىگىرمە يەككە بار. بۇ ئىككى سۇ دېگەننىڭ بىرىنى دېخانسۇ دەرلەر، بىرىنى سىپەسۇ دەرلەر. دېخان دېگىنى ئاش تېرىتۇرغان خەلق تۇرۇر. سىپەسۇ دېگەندە سىپە ئەمەلدارلار ئولتۇرۇر. ئاندىن قالغان ئۇششاق خەلقنى ئورمىچى دەرلەر. بۇ خەق تېرىتۇرغان يېرىگە بېقىپ ئالبان قىلادو. بۇ ئورمىچى خەقنىڭ تېرىتۇرغان يېرى سۇيىنىڭ ھىسابى بىر مو دەرلەر. بىر مو دېگەن يەرگە يەتتى شىڭ ئۇرۇق تۇشەدو. بىر شىڭ ئاشلىق ئۈچ جىڭ كېلەدو. بىر جىڭ ئون ئالتى سەر كېلەدو. بۇ بىر مو يەرگە يەر ئىگىلىرى خاننىڭ سېنىگغا بەش شىڭ ئاش قۇيادو. بۇ بەش شىڭ ئاشنىڭ بۇغداي يېرى بولسا، ئۈچ شىڭ بۇغداي، ئىككى شىڭ قوناق ھىساپ قىلىپ قۇيادو. قوناق يېرى بولسا، ئۈچ شىڭ قوناق، ئىككى شىڭ بۇغداي قۇيادو. قىرا يېرى دېگەن بۇغداي يېرى تۇرۇر. باغرى يېرى دېگەن قوناق، كەپەزنىڭ يېرى تۇرۇر. كەپەز بىزنىڭ يەردە تولا باردۇر. بۇغداي ئېشىغا قوناق قېتىۋالادو، قوناق ئېشىغا بۇغداي قېتىۋالادو. بۇ خان ئېشىنى قۇيۇپ بېرەر گاختا تۇرپان سېنگغا ئاپىرىپ قۇيار بولسا، مۇئادا بىرىنىڭ ئىككى مو يېرى بولسا، ۋە خاننىڭ داڭزىسىدا بىر ياغاش ئاش كېلەدو. بۇ ئاش قۇياتۇرغاللار ئىككى ياغاچ ئاش ئېلىپ كەلسە، بۇ ئىككى ياغاش ئاشنى ساڭغا قۇيسا، «ئىككى مو يېرىڭنىڭ بىر ياغاچ ئېشى تەگدى!» دەپ باغاق خەت چىقىرىپ بېرەرلەر. بۇ ئىككى ياغاش ئاشنىڭ بىر ياغىچنى بىكارغا ئالۇر. بىر مو يەرگە بەش جىڭ سامان قۇيۇر. خاننىڭ يۇرت تۆپىسىدىكى ئالاتۇرغان ئالبىنى شۇدۇر.



تۇرپان دېگەننى بەش دۆبە دەرلەر. بۇ بەش دۆبىنىڭ تۇرپان تەرىپىدىكى ئىككى دۆبىنى تۇرپان چوڭلىرى سورۇر، لۇكچۇن تەرىپىدىكى ئۈچ دۆبىنى جۇنگاڭ سورۇر. دۆبە دەپ بىر پارچا يەرنى دەر. تۇرپان سورايدۇرغان بەگلەرگە قارايدۇرغان يۇرتلار: گولتۇرپان، يەمشى، توقسۇن، ئىلالىقتا سۇبېشىغىچە، بۇلىيوق، چىچان، قارئۇستۇر. گاڭغا قارايتۇرغان يۇرتلار: لۇكچۇن، ئاستانە، قاراخوجا، تۇيۇق، ياڭخى، سىركىپ، شۆگە، پىچان، چوقۇتام، قارغاتۇرا، چىقتىم، بۇيېنى بۇ يەرگەچىلىك تاغ ئارقىسى، خاندو، چۇۋانقارا، يوتۇق، لەمجىن، سۇبېشى، سىڭگىم، مۇرتۇق؛ بۇلار ھەممىسى گاڭغا قارايتۇرغان يۇرتتۇر. تۇرپان خانىغا قىلاتۇرغان ئالبان تۇڭچاڭ (مىسكان ـ ن ت)غا بارادۇرغان ئالباندۇر. بۇ تۇڭچاڭ دېگەن ئۆزى داۋانچىڭنىڭ ئۇستۇنىدىكى تۇرپان ئاتاخوجىنىڭ تېغى تۇرۇر. بۇ تاغدىن قىزىل مىس چىقۇر. بۇ قىزىل مىسنى ئالاتۇرغانغا تۇرپان خەلقنى ئېلىپ چىقۇر. «تۇڭچاڭ ئالبىنى» دەپ گاڭغا: «ئەللىك كىشى چىقىرىپ بېرەسەن» دەپ تۇرپان تەجسى خەت بېرەرلەر. بۇ ئەللىك كىشنى ئۆز يۇرۇشىدىكى ئۈچ دۆبەگە ئۈچ پارچا قىلىپ چاچۇر. بۇ ئەللىك كىشىنى ئىككى يۇز ئادەم قىلىپ چاچۇر. ھەر يۇرت تۆبىسىگە بەشتىن ئادەم تۇشسە، يىگىرمە ئادەم دەپ ھەر يۇرتنىڭ مىراپ دورغالىرى يىغىپ ئاپكەلۇرلەر. بۇ يىگىرمە كىشنى ئېلىپ كېلىپ «تۇڭچاڭ ئالبىنى كېلىپتو، داۋانچىڭغا بېرىڭلار» دېسە، بۇ خەق



بارمايتۇرغانغا ئون سەر پۇل بېرەدۇ. بۇ يىگىرمە كىشى-
دىن بەش كىشىنى ئېلىپ قېلىپ، ئون بەش كىشىدىن مى-
راپ دورغالىرى پۇل يىغىپ ئالادۇ. ھەر يۇرتتىن مىراپ
دورغالىرى شۇ تېرىقەدە پۇل يەپ، ئىككى يۈز ئادەم
راست بولسا، يۈز ئەللىك ئادەمدىن پۇل ئېلىپ قويۇپ
بېرىپ ئەللىك ئادەمنى تۇڭچاڭغا ئۇۋرىدۇ. بۇ تۇڭچاڭغا
چىقىپ قىلاتتۇرغان ئالبىنى: تاغنى چېپىپ تاشنىڭ ئارىسى-
دىن مىس ئىلەشلىك تاشلار چىقادۇ، بۇ تاشلارنى ئوتقا
كۆيدۈرسە، مىسى بۆلەك، تېشى بۆلەك چىقادۇ. بۇ
چىققان ئادەم شەر شەردىن يىغىلىپ كەلگەن ئادەملەر بەش
يۈز ئادەم باردۇر. بۇ خەققە خاندىن ئىككى يېرىم سەر
ئايلىق پۇل بېرەدۇ. بۇنى تۇڭچاڭ ئالبىنى دەرلەر.

گاڭ دېگەن ھەر يىللىقى يەر سۇيىدىن چىققان ئېشىنى
ھەم يۇرتقا زور بىرلەن ساتادۇ. بۇ گاڭنىڭ ھەر يۇرت
تۆبىسىدىن يەيدۇرغان يۇرتقا بېقىپ قىرا يېرىسى ھەم بار،
باغرى يېرىسى ھەم بار. لۇكچۇن تۆبىسىدە گاڭنىڭ ئىككى
سۇدا ئوندىن يىگىرمە بۆلۈم يېرى بار. ھەممە باغرى يې-
رىدە ئارپا يۇنجۇن، تەرەك يۇنجۇن، كۇنجۇت يۇنجۇن
دەپ يەنە ئون ئىككى بۆلۈم يەر گاڭغا تېرىپ بېرەدۇ. ئۇ
يەنە بۇ يىگىرمە بۆلۈم قىرا يېرىنى ھەممە يۇرت خەلقى
تېرىپ پۇشۇرۇپ تېپىپ، ھەر قاسى ئادەم ئۆز ئۇلىقى
بىرلەن ئاپكىرىپ گاڭنىڭ سېڭىغا قۇيۇپ بېرەدو. چوقۇتام
دېگەن، قارغاتۇرا دېگەن يۇرتلارمۇ بۇ گاڭنىڭ مىراسلىق
يۇرتى تۇرۇر. بۇنى گاننىڭ پاسرا پاسرىسى دەرلەر.
بۇلارنى ھەم يۇرت خەلقى تېرىپ بېرەدو. ئەرتە يازلىقى
بولغاندا گاڭنىڭ يېرىنى تېرىپ بولغاندا ئاشقان ئاق قو-
ناق، بۇغداي، تېرىق، ئارپا، كۇنجۇت، بۇلارنى بۇ يۇرت
خەلقىغە زور بىرلەن ساتادو؛ بىر كۇرە بۇغداينى بەش
مىسقال كۇمۇشكە ساتادو. بۇ بۇغداي ئاشلىقنى يۇرتقا
بېرەر گاختى ئىككىنچى ئاي ئىچىدە بېرەرلەر. ئورددىن
يوسول(قائىدە ـ يوسۇنغا مەسئۇل ئەمەلدار ـ ن ت) چە-
قىپ مىچىت ـ مىچىت خەبەر قىلىپ قويۇر: «ئورددىنىڭ
سېڭىنى ئاشتى! ھەر كىشى بولسا، ھەر قانداق ئاشلىق
ئالسا، مىچىتلىگى بىرلەن ئىمام مەزىن بىرلە كىرىپ ئال-
سۇن» دەپ خەبەر قىلۇر. بۇ مىچىت خەلقى ئوردىغا
كىرسە، كىشى بېشىغا بەش كۇرە قوناق، بەش كۇرە بۇغ-
داي بېرۇرلەر. بۇغداي نەقى(باھاسى ـ ن ت) بىر كۇرە
بۇغداينىڭ بەش مىسقال كۇمۇش بولۇر. بىر كۇرە ئاق
قوناقنىڭ نەقى تۆرت مىسقال بولۇر. شۇنداق ھساپ قى-
لىپ مىچىتلىك ئىمام مەزىننى بورۇن(كېپىل ـ ن ت)





قىلىپ ئاندىن بىر ئۆيلۈك ئادەمگە ئاق، قارا بىر دادەن
ئاش بېرۈرلەر. بۇ ئاشنىڭ پۇلنى گاڭ بەشىنچى ئايدا
ئالۇر.

يەنە بۇ گاڭنىڭ نەچچە تۈمەن قويى بار. بۇ قويلارنى
ھەر يىلدا نورۇز، سارا ئىككى ھېيتتا ئاش تۇتۇپ يۇرت
چوڭلىرى تۇتقان قويدۇر. بۇ قويلارنى ئەرتە ياز بەشىنچى
ئاي بولغاندا يۇرت خەلقىگە ئاپچىقىپ ساتۇر. بۇ قوينى
ئورددىن دورغاغا چىقارىپ بەرسە، دورغا ئاپچىقىپ مىراپ
ئاقساقالغا بەرۇر. بۇ مىراپ ئاقساقاللار ئېلىپ بېرىپ ھەر
ئۆيگە بىردىن قوينى زور بىرلەن كىرگۈزۈپ قويۇر. بۇ
قوينى ئالغان ئادەملەر يەتتىنچى ئايدا ئىككى سەر كۈمۈش
بېرەدو. ئۇ يەنە «قوي ئالمايمەن» دېسە، بىر سەر كۈ-
مۈشنى قويغا قېتىپ مىراپ، ئاقساقاللارغا ياندۇرۇپ بې-
رەرلەر. ھەر يىلدا شۇ يوسۇندا گاڭ سودا قىلۇر. يىل
ئۆرۈلگەن گاختا ھەر قوتان بېشىغا بېرىپ يۈز قوي بولسا،
يۈزدىن ئىككى قوي، ئىككى پارچا كىگىز زاكات دەپ ئا-
لۇر. يۈزدىن بىر قوينى «ئوت ئۇچى» دەپ ئالۇر.
قوينى بەرمەسە، ھېچ كىم قۇتۇلماس.

بۇ تۇرپان خەلقى ئىككىنچى ئاينىڭ ئىچىدە باغرى
يېرىنى تېرىدۇ. بۇ يەرنى تېرىغۇچە سۇغاراتۇرغان سۇيىنى
ئاق سۇيى دەرلەر. ئىككىنچى سۇيىنى ئاق تارا سۇيى
دەرلەر. بۇ ئاق تارا توقسان بەش كۈندە كېلەدۇ. ئۈ-
چۈنچى سۇيىنى گېجىگە سۇيى دەرلەر. گېجىگە سۇيى
ئاتمىش كۈندە كېلەدو. تۆرتىنچى سۇيىنى قىر تارتىم
سۇيى دەرلەر. بۇ قىر تارتىم سۇيى دېگەن خەقنىڭ يېرىنى
قىر بىرلەن تەڭ سۇنى جىق سېلىپ، قاي يەر يامان بولسا،
شۇ يەرنى تارتىپ ئېتىزدىكى سۇنى چىقىرىب ئالۇر. بۇ
تۆرتىنچى سۇيىنى مىراپ بىر ئايدىن بېرۈرلەر. شۇ تۆرت
سۇ بىرلەن باغرى يەر سۇنى پىشۇرۇر. قىرا يېرىنى بە-
رىنچى ئايدا كۆرۈپ تېرۇرلەر. بۇ بۇغداينى بىر يېنىدىن
تېرىسا، بىر يېنىدىن سۇ قۇيۇر. ئىككىنچى ئاينىڭ ئون
بېشىغىچە قىرا يېرىنى تېرىپ بولۇر. ئاندىن ئاقتارما سۇ-
يىنى ئاتمىش كۈندە ئىچەرلەر. گېجىگە (كۆك سۇيى)
سۇيىنى يىگىرمە كۈندە ئىچەرلەر. ئوتتۇز كۈندە بىر سۇ
ئىچەرلەر. بۇ سۇنى دان سۇيى دەرلەر. بۇغداي بۇ تېرد-
قەدە پىشۇرلەر. سۇ تۆبىسىدە كېچە كۈندۈز ئارىلماي
سۇنى باشلاب ئېلىپ يۈرەتۇرغان ئادەملەرنى كۆك بېشى
دەرلەر. قىرا يېرىنىڭ سۇيىگە قارايتۇرغان بىر سۇدا
سەككىز كۆك بېشى باردۇر. بۇ كۆك بېشلار ئاقساقال
مىراپكە قارايدو. قىرنىڭ كۆك بېشسى باغرىغا سۇ ياذ-
غاندا، قىرنىڭ ئىشى تۈگەگەندە قىرا سۇيىگە قاراغان
ئادەملەر بىكەر بولادو. باغرى يېرىنىڭ تۆپىسىدە تۇرغان
ئادەملەر باغرىدىن سۇ يانغاندا بىكەر بولادو. قىرا يېرد-
ىنىڭ ئېشىنى بۇغداي ئېلىپ بولغاندا »تۇرپانغا بۇغداي
ئېشىنى قۇيۇڭلار» دەپ كېلىپ ئاش ھايدايدو. بۇ ئاش
ھايدايتۇرغان ئادەملەرنى دۇگان دەرلەر. يەتتىنچى ئايدا

بۇغداي ئېشىنى هايدايدۇ. كېلىپ ئون بىرىنچى ئايدا باغرى ئېشىنى هايدايدو. بۇ ئاش قۇيغان ئادەملەر يېرىگە بېقىپ تۇرپانغا ئاپىرىپ ئېشىنى قۇيۇپ، باغاق ئېلىپ كېلىپ، بۇ ئاش هايداغان دۇگانغا باغاقنى بېرەدو.

ئاندىن بۇ دۇگان باغاقلارنى يىغىشتۇرۇپ يۇرتىنىڭ مىرابىغا بېرەدۇ. بۇ مىراپ باغاقلارنى ئېلىپ تۇرپان سېڭىغا بېرىپ هساپ قىلىشىپ ئۆتكۇرۇپ بېرەدو. كۇزلۇك ئېشىنىما هەم شۇ يوسۇندا ئالادو. كۇزلۇك ئاشنى ئېلىپ بولغاندا بىر مو يەر تۆپىسىدىن بىر مىسقال ئىككى پۇڭدىن كۇمۇشنى خانغا ئالادو. ئۇ يەنە ئەرتە يازلىغى بولغاندا تۇرپانىنىڭ سېڭىدىكى بەش يىلدىن ئاشقان ئاشنى هەر يۇرتنىڭ مىراپ دورغىسىنى قىشقىرىپ ئاپكىرىپ «جەيلەڭ(قەرز ئاشلىق ـ ن ت) ئېلىڭلار!» دەپ هەر قاسى يۇرتقا بېقىپ بۇغداي، قوناق جەيلەڭ بېرەدۇ.

بۇ ئاش تۇرپان سېڭىدا تۇرۇپ قالغىلى بەش يىل، ئالتى يىل بولغان ئاش تۇرۇر. بۇ ئاشتىن بىر كۇرە ئاش بەرسە، ئاش ئالغان ئادەملەر ئېشى چىققاندا بىر يېرىم كۇرە ئاشنى ئاپىرىپ ئورنىغا قۇيۇپ بېرۇر. مۇنى جەيلەڭ دەرلەر. بۇ يۇرت تېرىقسىنى شۇ يوسۇندا ئۆتكۇرۇرلەر. گاڭغا بىرسى ئات، قوي، هەر نەرسە ئېلىپ كەلسە، خوش بولسا، بىرەر دادەن بۇغداي، بىرەر دادەن قوناق بېرۇرلەر؛ خوش بولماسا، گاڭ ئاپكىرگەن مالنى قولغا ياندۇرۇپ بېرۇرلەر.

## چىنگاڭغا قىلغان ئالبانىڭ بايانى

(بوسۇق نىياز، قومۇل، 1892 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۇنى)

شۇ زاماندا گاڭغا قىشلىغى ئۇچ ئايدا يىگىرمە بىر كۇن قومۇللۇق چانتو ئارابا قاتادو قىق(قىغ ـ ن ت) تېشىپ. بۇ ئىشنى پۇل ئالماي قىلادو. قىشلىغى ئارابىسى يوق





گادايلار يەتتى كۇندىن تۇپراق چالاپ بېرەدو ئاراباكەشكە.پۇجۇڭ خېنىم دىخانلارنى بىر ئايدا بەش كۇن ئىشلەتەدو، تۇپراقنى چالدۇرۇپ؛ ئاشلىقنى ئوردۇرادو. گاڭغا يازلىغى بۇغداي پىشقاندا، ئون كۇن ئورساما پۇجۇڭنىكەدە بەختى، يەتتى كۇندە تۇگىسىما قويەۋىردۇ. ئايدا بەش كۇن، يە ئۇچ كۇن ئۆزىنىڭ ئاشلىغىنى ئورۇپ تۇگەتمەيلا، «بۇغداينى يانچىسلەر»دەپ گاڭنىڭ بۇغدىيىغا هايدايدو. خەق ئالبانى پۇجۇڭغاما قىلادو، گاڭغىما قىلادو. ئالبان ئۇچۇن بىر نان، بىر ماچاڭزا بەرمەيلا قامچى بىرلەن قان چىقارغۇچىلىق ئومدانغىنە سوقۇپ ئالبانغا هايدايدو. شۇ ئالباندىن قۇتۇلغۇمۇزنى بىز پېقىرلا خۇدادىنما سۇرايدىمىز، قاشقارغىما قاچادىمىز. يەنە ئۇرۇمچىگە ئۆتكەن جوياغا خەت تۇتۇپ ئۇممىت قىلدىمىز. بۇغدايدىن بۆلەك قوناق تېرىسا، يۇز باق(باغ ـ ن ت) خەتلەيدو، «پالانچى يۇز باق، پۆكۇنچى ئەللىك باق، ئۆز قونىغىنى پۇجۇڭنىڭ، گاڭنىڭ ئۆيىگە ئاپكەلسۇن» دەپ. بىر شىڭ قوناققا ئەللىك باق، ئون شىڭغا يۇز باق ئاپكېلەدو. ئوتۇننى ئالتى كۇللۇك يەردىن ئاپكېلىپ گاڭغا بېرەدو؛ گاڭ هايداپ قامتىڭ(哈密厅 قومۇل يامۇل ـ ن ت)غا سالدۇرۇپ بېرەدو. قامتىڭ گاڭدىن ئومدىنا راق: ـــ يۇز جىڭ ئوتۇنغا بەش تەڭگە بېرەدو. شۇ ئوتۇننى بازاردا ساتسا ئون تەڭگە ئالادو. بەجىنگە يۇرۇيدۇغان گاختا گاڭ ئاشلىق يىغۇالادو. زەدەردىن بىر تا-

غار، گادايدىن بەش كۆرە ئالادو. تولا زەدەر خـەقـتىـن
تۆرت تاغار، تېرىغان ئەدەمدىن ئىككى تاغار ئېلىپ پۇلنى
بەرمەيدو. مالباراندىن شۇينى باجگىر ئالادو: بىر سەردىن
ئىككى مىسقال، بىر يېرىم مىسقال ئالادو، بىر بىـرىـگـە
ساتسا ئاندىن كېيىن ئات سېتىۋالغان كىشىگە خەت بېرە-
دو «شۇي ئالدوق» دەپ. ئولتۇرغان ئۆيدىن شۇينى ئال-
مايدو. ئالباننى گاڭنىڭ ئۆزىگە ما قىلادو، پۇجۇڭغا ما
قىلادو. شۇنى گاڭ بىلمەيدو.

بەجىن خانغا گاڭنىڭ تارتىق قىلىپ ئاپپارغىنى شۇدۇر:
تېكە مۇڭگۈزىدە ئاتمىش جۈپ پىچاق ساپلاپ، بۇغۇ مۇ-
ڭگۈزىنى، قىرىق جۈپ ئومدان ئات، ئاتمىش جىلك قاق
قوغۇن، قوي تېرىسى، جۇبا، كۆرپە جۇبا، ئاتمىش بۇلۇ
(بىلەي ـ ن ت) تاش ئاپپارادو. يولدا ئىشلەتكىلى قانچە
يۈز يامبو كۈمۈش ئاپارادو. بۆلەك ئالبان يوق.

**لۈكچۈننۈڭ گاڭ بەگلىرى**

(نايخان، لوگۇچەن، تۇرپان، 1892 ـ يىلى
4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى)

لۈكچۈن گاڭ بېگىمنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش، پۇل، ئې-
گىنئاياق، ئۆلۈك مالىنىڭ ھىسابى ھەممىسى بولۇپ ئۈچ
يۈز يامبو جېنى بار. تاغدىكى ئات، ئۆيدىكى ئاتلار، ئەل-
لىك بەش ئېتى بار. قوي ئۈچ مىڭدىن ئاشا قويى بار. يەر
سۈيى لۈكچۈندە، شەر ئىچىدە ئىككى ئوردىسى بار.

دۆلەت باغ دەپ ئۈچ بېغى بىر قاتاردا بار. بۇ باغ-
لاردا ئۆرۈك، شاپتولا، ئانار قاتارلىق ھەممە مۆگىسى بار.
ئالتى يەردە ئۈزۈملۈك بېغى بار. بـەش كـارىـزى بـار.
لۈكچۈنگە تەئەللۇق كەنتلەر، يۇرتلاردا بولۇپ بۇغداي،
قوناق، پاختا تېرىيدۇغان يەر سۇلىرى تۆرت يۈز يامبو-
لۇقچە يېرى بار. قوي، كالا، ئاتتۆگە بولۇپ ئەللىك يام-
بولۇقچە گەجى (مالدۇنيا ـ ن ت) بار. جېمى تۆرت يۈز
ئەللىك يامبوغا يېتىپ بىزە ئاشسا، بەش يۈز يامبولىقچە
بار. تۆرت خوتۇنى بار. چوڭ خوتۇنىنىڭ دادىسى قارا
كىشى، ئانىسى ئاق ئۇستۇخان؛ گاڭنىڭ ئانىسى يەركەنلىك
قارا ئۇستۇخان. ئىككىنچى خوتۇن ئۆز جامايى (جەمە-
تى ـ ن ت) دىن، ئۆگۈي ئاچىسى بولادو. قالغان ئىككى
خوتۇنى قارا ئالبانچى. خان گاڭغا شاڭلاپ(ئىلتىپات قى-
لىپ ـ ن ت) «ئون سەككىز كىشىگە بەر» دەپ ئوتاغات
جۇڭسا بەردى. قالغىنىنى ئون كىشىما، يۈز كىشىما خىز-
مەتكە سالسا، سالادو، گاڭنىڭ ئۆز ئىختىيارى. ئوتاغات
جۇڭسىنى ئون سەككىز كىشىدىن ئارتۇق ھىچ كىمگە بې-
رالمايدو. گاڭنىڭ يېنىدا ئوڭ قول، سول قول، ئارقىسىدا
تۇرادۇغان، خان بىلەدۇرغان ئۈچ گـۆزۇرى(ۋەزىـر ـ ن
ت) بار. بۇلار ئۆزىنىڭ جامايىدىن. ئوڭ قول گۆزۇرىنىڭ





ئېتى مېنبەك، سول قول گۆزۈرنىڭ ئېتى قابزاتبەك، ئارقىسىدا تۇرادۇغان گۆزۈرنىڭ ئېتى ئابدۇللابەك. ئوڭ قول گۆزۈرنىڭ ئۈچ يۈز يامبولۇقچە گەجى بار، قىرىق يامبو تۇغادۇغان قەرزى بار. ئوڭ قول گۆزۈرى سول قول گۆزۈرىدىن چوڭراق. ئىككىنچى گۆزۈرنىڭمۇ ئۈچ يۈز يامبولۇقچە جىنى بار، قەرزى يوق. ئۈچۈنچى گۆزۈرنىڭ يىگىرمە ئوتتۇز يامبوچە گەجى بار، قەرزى ھەم بار. گاڭ بېگىمنىڭ ئېتى سۇلتان ماھمۇتخان. چوڭ ئوغلىنىڭ ئېتى پادىشا خوجام، ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى شاھزادە خوجام، ئۈچۈنچى ئوغلى بوباق خوجام. گاڭ بېگىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ خىزمەت قىلادۇغان ئەللىكئاتمىشچە كا(خىزمەتچى - ن ت)لىرى بار؛ كالار ھەممىسى ياش بالىلار. ئاتمىشتىن ئۆتكەن بىر كىشىسى بار. دادىسىدىن قالغان ئادىمى شۇ. بۇ ئادەمنىڭ سۆزىنى، خوشى كەلسە ئاڭلايدۇ، خوشى كەلمەسە، ئاڭلامايدو؛ ئۆزىنىڭ خىيالىنى قىلادو. گۆزۈرلىرىنىڭمۇ سۆزىنى، خوشى كەلسە ئاڭلايدۇ، خوشى كەلمەسە، ئاڭلامايدو، ئۆزىنىڭ خىيالىنى قىلادو. گاڭ ئۆزى ئوتتۇزغا يەتمەگەن كىشىدۇر. مەسلەتچىسى تامام ياش ئوغۇللار. بۇ خەقلەرنىڭ ئالدى قىرىق ياش، ئوترىسى يىگىرمە بەش ئوتتۇز ياش، ئۈچۈنچىسى يىگىرمە ئون ئالتى ياش. ھەر قانداق چوڭ ئىش بولسا، شۇلار بىرلە قىلادۇ.

لۈكچۈن شەھرىنىڭ يېنىدا سۇپە سۈيى دەپ بىر ئۆستەڭ سۈيى بار، تۆرت تۆگۈرمەن تاشلىق سۇدۇر. يەنە شەھرىنىڭ بۇيىندا دىخانسۈيى دەپ بىر ئۆستەڭ سۈيى بار. بۇ ئىككى سۇدا، توغانساقتىن باشلاپ يەر باغلىرى لۈكچۈنگە تەبە يەرلەر كۆكىرەدۇ. لۈكچۈن كارىزى، دىغاركارىز، تۇيۇق، ياڭخى، ياڭخى كارىزى، سۇبېشى كەنت، ئاچاتۇرا، قاراخوجا ئەسكى شەرى بىرلە — بۇ ئەسكى شەرنى دەقيانۇسنىڭ شەرى دەيدۇ — ، ئاستانە، قاراخوجا كارىزى، ئاستانە كارىزى، سىڭگىم، قاراخوجا سۇبېشىسى، پىچان، چىقتىم، شۆگە، قاباتۇرا، لەمجىن، لەمجىن ئاستانە، چۇبۇغانقىر، خاندو، ئامانشەر، چىگەبۇلاق. لوپما قىدىمدىن لۈكچۈنگە تەبە ئىدى، بۇ يۇرتلار ھەممىسى گاڭغا قارايدو. شۇ مەلدە لوپنى گاڭ مېنىڭ دەيدو، بۇلتۇردىن باشلاپ لوپقا خەنزۇلار شەر سېلىپ لوپنى بىزنىكى دەيدو. كورلا شەھرىنىڭ خەنزۇلىرىمۇ لوپنى بىزنىكى دەيدو. شەرنى لوپتا قاراشەرنىڭ خەنزۇلىرى ساپتو.




مايدۇ. بىيىتنى كىز (كېگىز ـ ن ت) نىڭ ئاستىنغا سۇقۇپ قويادۇ. «پالان يەردە ئىشىم بار» دەپ، تالاغا چىقادۇ. ئۆي ئېگىسىگە ئېيتادۇ: «ئۆيۈگۈزلەرنى قار بېسىپ قالماسۇن» دەپ ئۆيدىن قاچادۇ. ئۆي ئىگىسى ئارقىسىدىن قويلاشادۇ:«- بىزنىكىدە قار تاشلاپتو بۇ ئوغرى» دەپ. مەگەر تۇتۇۋالسا، ئۇزىگە قازاننىڭ كۆگىسى(قارىسى ـ ن ت)نى سۇرەدۇ. ئاندىن ياقارى(ياغلىشاڭغۇ كىر-ن ت)- بىرلەن ياق سۇرەدۇ، ئاندىن كېيىن قويەۋىردۇ. كۆزى كۆگە بولغان كىشى ئۆيگە بېرىپ چوڭ بىر ئۆينى ئومدان جابدۇيدۇ. مەگەر تۇتالماغان بولسا، شۇ كىشى مىلس(ئولتۇرۇش، مەشرەپ ـ ن ت)نى ئۆزى قىلىپ بېرەدۇ. كۆزى قارا بولغان كىشى بىسات (كۆرپە ـ ن ت)لارنى سىلىپ ئومدان چۇمۇيدۇ (تەييارلىق قىلىدۇ). ئاندىن كېيىن كەندىر بىرلەن قوماش قورۇدۇ قازانغا. ئېكىن(ئاندىن كېيىن ـ ن ت) شۇنداق ئارپا بىرلەن قورۇدۇ، بۇغداي بىرلەن ھەم قورۇدۇ، دادوزى بىرلەن ھەم قورادۇ. تاقسا (تەخسە ـ ن ت)لارغا تىزىپ راسلايدۇ. اندىن كېيىن ئىككى يىگىت ئۆيلەردىكى ياش يىگىتلەرنى، ياش جۇگانلارنى، ئوترا ياشلىق بولغان ئادەملەرنى، ئەللىك ئاتمىش ياشقا كىرگەن قېرى ئويۇنچىلارنى چىرلايدۇ. خوتۇنلار بولۇپ يەتمىش سەكسەن كىشى يىغلادۇ

گاڭبەك ئۈچ يىلدا بىر بەجنگە بارادۇ. بۇنىڭ بەجنگە بېرىشىغا بىر يىل قالدى، ھىچ ئىلاجى يوق بارادۇ. بەجنگە خانغا ئېلىپ كىرەدۇغان نەمەلەر: يېشىل توققۇز يۈز جىلىك كىشمىش ئۈزۈم، توققۇز تاغار قوغۇن قېقى، لۈكچۈندە قىلغان توققۇز بۆز ياغلىق، توققۇز خالتادا يانتاق شېكىرى، توققۇز يولبارس تېرىسى، توققۇز بۆرە تېرىسى، توققۇز سۇلەيسۇن، توققۇز تۈلكى، توققۇز ئالتۇن غىلاپ پىچاق، توققۇز كۈمۈش غىلاپ پىچاق، توققۇز ئەجدەر گۈللۈك كىمخاپ، خوتەندىن كەلگەن توققۇز يولبارس سۈرەتلىك زىلچە ئاپپارادۇ.

گاڭ ئىشنى ئۆزى قىلماي ئىشكىرى ئۆيدە ئولتۇرادۇ. ئىشنى ئۈچ گۆزۈرى قىلادۇ، ئالبانىنى ئۇلار سالادۇ. ئادەمنىڭ بېشىنى گاڭ ئالالمايدۇ؛ گاڭ تۇرپاننىڭ (تۇرپان يامۇلى ـ ن ت)دىكى دالويىغا قاراپ بېشىنى ئالغىلى قورقادۇ.

بۇ ئىشلەرنى مەن ئۈزۈم گاڭنىڭ ئوردىسىدا تۇرۇپ ئوبدان بىلىپ خەتلەپ ئالدىم. تۇرپانغا مەن كەلگىلى بىر ئايدىن بىزىر(بىراز ـ ن ت) ئاشتى.



**قار ياققاندا قار تاشلاغاننىڭ بايانى**

(بوسۇق نىياز، قومۇل، 1892 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى)

بىيىتنى بىر يىگىت پۈتۈپ پۈك تۈلەپ بىر ئاشنا(ئاغىنە ـ ن ت) كىشىنىكىدە ئەپكىرىدۇ. ئېنى ئەپكىرگىنىنى كىشى تۇد-



بىر مىلىسكە ئوتتۇز قىرىق كىشىما يىغىلادو. مىلىس قىلادۇغان ئۆيدە يوقىرى يىندا خوتۇنلار ئولتۇرادو، تۆۋەن يىندا ئەرەنلەر ئولتۇرادو. مىلىس قىپەرگەن كىشى سىركايەلەرگە چاي قۇيۇپ ھەممە خوتۇنلارغا چاي تۇتادو، ئاندىن كىيىن ئەرەنلەرگە چاي تۇتادو. چاينى ئەچىپ كېتىپ ئىككى ئەر كىشى داپ سوقۇپ ناخشا ئىيتادو. مىلىس قىپەرگەن كىشىنىڭ خوتۇنى بىر ياغلىقنى پوتا قىلىپ بىر ئەر كىشگە پوتا سالادو. شۇ ئەر كىشى ئورنىدىن قوپۇپ يەنە بىر خوتۇن كىشگە پوتا سالادۇ. شۇ خوتۇن تۇرۇپ يەنە بىر ئەر كىشگە سالادو. ئۈچ مەرتەبىدىن تازىم قىلىپ چۆرۈلۈپ ئوينايدو شۇ يوسۇن بىرلەن. شۇل زاماندا بىر ئەر كىشى بىر خوتۇن كىشى ئۇسۇل ئوينايدو. ئىككى خوتۇن بولساما ھەم ئوينايدو. ئىككى خوتۇن ئۇسۇلنى ئۇمدان ئويناسا، بىر مەسەلچى قوپۇپ بىيت ئىيتادو. بىر تاقسادا تۆرت چوتنى (كاكچا ـ ن ت) تىزىپ ئوڭ قولىغا كۆتۈرۈپ بۇ بىيتنى ئىيتىپ قولى بىرلەن شۇ ئىككى خوتۇننىڭ بىشىدىن ئۆرىدو:

يۇقاردىن غاز كېلەدو،
چىغ بىرلەن ئارالاپ
يار ئىككى كۆزى بىرلەن
بىزگە قارالاپ
ئاقسۇرى بەلكىم
سىرىق سۇ باغلاپ.
قاقشال ئەي قاقشال
چارباغدا يوغان باقشال.
ئۇسۇل ئويناغان ئىككى جۇگان
گۆلزەپەرگە ئوخشار
قىقاس.
ئىبلىسۇن جەردىيدى
قۇرۇغى يەردىيدى
تۈلكە تۇمەن ملىك بىگىدى
قۇرۇغى مىڭنىڭ بىگىدى.
قۇشقاچ چىقىمچىدى
تورغاي بىقىمچىدى
چاشقان چوماقچىدى.
مۇشۇك ئىلىپ قاچماقچىدى.
يوقۇر چىقتىم ئورپاغا،
تۆۋەن تۇشتۇم پورپاغا.
كىشى بىشىم ئاندا قالدى
قوشۇق سالدىم يۇمدانىغا
قىيقاس
ئۇنمىگەن چىغ تۇۋىدىن
تۇغمىغان توشقان چىقتى.
پۇتمىغان چوماق بىرلەن
ئۇرىۋىدىم غاز غۇرغۇي بولدى.
ئوزۇم تەنھا قىياق بىرلەن
توشقۇنۇمنى بوغۇزلۇدۇم
ئالتى پاتمان يىغى چىقتى
چىتىغا پەردىگەن قىستۇرۇپتۇ،
ئاغزىغا سۆيەمدىكىن؟
قىزىل باش ئانا كىرسە
قارا باش چىقامدىكىن ؟
قىيقاس!

شۇ بىيتلەرنى ئىيتىپ كەتكەندىن كىيىن ئۇسۇلچىلار توختايدو. شۇ بىيتلەرنى ئىيتىپ ئۇسۇلنى، يازدا بولسا، تاڭ ئاتقۇچە ئوينايدو، قىشتا بولسا، توخو چىرلاغۇچە ئوينايدو. كىزنىڭ ئاستىنغا سۇقۇپ قويغان بىيت مەشۇقنۇڭ مەزمۇنى شۇنداق بولادو:

ھاق تەئالا رەھمتى

ياغدۇردى شۇتتە (شۇ يەردە ـ ن ت) قار.
رەھمتى پەزلىنى
قىلدى بىزگە ئاشكار.
دىلبىرىم، بۇ نامە بىرلەن
قارلىق ھەم تاشلادۇق.
شۇ كۆكۈلنۇڭ خوشلۇغىدىن
شۇ ئويۇننى باشلادۇق
چىن چاجۆشتە ئاراقنى،
خوندا گەزەكنى راسلادۇق.
غازنى توققۇز، قوينى ئوتتۇز،
ھەممىنى تەك راسلادۇق.
چالغىلى قالۇن، سەتەر،
بەربات، راباپنى راسلادۇق.
ناغمىچى لازىم دېسە،
سازەندىنى راسلادۇق.
قار يېغىپ بۇ يەردە
ئالەم ئۈزىنى قىلدى ئاق.
ئۆي ئىچىدە ئىچىمىز پىشىپ
بولدۇق بىدىماق.
خەت ئېلىپ بارغان كىشىنى
پەم بىرلەن بەك تۇتسىلا،
ئېنىڭ قاشقا ئوسما قويۇپ
پەرداز بىرلەن ياندۇرسىلا.
خەت ئېلىپ بارغان كىشى
ئۆيگە كەلسە سالامەت يېنىپ
شۇل كىشى گەزەك بېرۇر،
جابدۇق (تەييارلىق ـ ن ت) قىلۇر ئاتنى چىپىپ.

**كۆك مىلىسىنىڭ بايانى**



كۆك مىلىسىنى، قىش بولسا، بىر قاباقنىڭ ئىچىگە ئوچاقتىن كۆل ئالادۇ. ئېنىڭ ئۈستۈنىگە بىزە تۇپراق قويادۇ. تۇپراق كۆلنۇڭ ئارىسىغا بىر تۇتام بۇغداينى كۆمۈپ قويادۇ. قاباقنى ئىسسىق يەردە، قازاننىڭ بېشىدىكى كاڭدا قويادۇ. بۇغداي يەتتى كۈنگەچە ئۈنۈپ ئېگىز بولادۇ. ئاندىن كېيىن كۆك ئۈندۇرگەن كىشى ھەممە خەقلەرنى چىرلايدۇ. قارلىقنىڭ مىلىسىگە ئوخشاش مىلىس ئوينايدۇ. مىلىس تۇگەگەندە بىر تاقساغا كۆكنى قويادۇ. كۆكنى چوڭ تاقساغا سالادۇ. ئېنىڭ يېنىغا بىر كىچىك تاقسادا دادوزا قويادۇ. ئېنىڭ يېنىغا كەندىر قومچىنى قويادۇ. ئېنىڭ يېنىغا ئارپا قومچىنى قويادۇ. ئېنىڭ يېنىغا بۇغداي قومچىنى قويادۇ. ئېنىڭ يېنىغا ئۈزۈم قويادۇ. كۆك بولارنىڭ ئوتتۇرسىدا تۇرادۇ. بىر بېيتچى بۇ نەرسەلەمى قولىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ تۇرۇپ بۇ بېيت مەشۇقنى ئېيتادۇ:

گۈل زىمىستاندا ئۈنەر،
سەبزى باھارنىڭ ئەگگىلى.
ياخشىلارنىڭ مىلىسىدىن
سەبزى ئۈندى قىشلىغى.
قىشلىغى ئۈنگەن چىچەكنىڭ
تەرىپى نازۇك تۇرۇر.
سوغۇرۇپ كۆل ئاشقىلى
ئالغان كىشى ئاشىق تۇرۇر.

بۇ چىچەكنىڭ تەرىپىنى
مەي بىرلەن نامە ئەيلەدىم.
بۇ چىچەكنى سىزگە مەن
تارتۇق قىلىپ تۆپە ئەيلەدىم.

بۇ چىچەكنىڭ سۆزلەرى
شوشۇڭدىدۇر، شوشۇڭشىدۇر.
كۆتەرسە ئېغىرلىقتىن
بويلىرى پەلەكتىدۇر.

بۇ چىچەكنىڭ سايەسىدە
راھەتلىنىپ ئولتۇرسا،
ھەردەم كۆڭۈللەر
خوشال بولۇپ ئاچىلۇر.

مۇز ئۈستۈنىدە ئۈندۇرۇۋىدىم

MIRAS

بۇ دانە بۇغدايىنى،
كۆتەرگىلى ئەر بارمىكىن
بۇ تۇرغان بۇغدايىنى.

سۇغارغىلى ئەر بولسىكەن
بۇ تۇرغان بۇغدايىنى،
كۈندۈز يات قىلۇرمەن
ئۇستۇن خۇدانى.

بىر تام، تامدا چىچەك
تامدىن ئېگىز بارمۇ چىچەك؟
كۆرگەلى كۆكلە چىچەك،
كۆتەرگىلى ئېغىر چىچەك.

شۇ كۆڭۈلنىڭ خوشلۇغىدىن
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.

چىن چاجۆشتە ئاراقنى،
خوندا گېزەك راسلادۇق.

غازنى ئوتتۇز، قوينى ئوتتۇز،
ھەممىنى تەڭ راسلادۇق.
چالغاىلى قالۇنسەتەر،
بەربات، راباپنى راسلادۇق.

نەغمىچى لازىم دېسە،
سازەندىنى راسلادۇق.
كۆك ئېلىپ بارغان كىشى،
كەلسە ئامانزىمىن يېنىپ،
بۇ كىشى جابدۇق قىلۇر،
ئۆز خېچىرنى ئۆيدە چېپىپ.
گەللاھۇ ئەلەم بىسسەگاپ.



شۇدۇر: سىرت، يۇلۇن، ئومۇرتقا، ئوگارتقى، قوبۇرغالار.
كىچىك قوبۇرغىنى يېتىم قوبۇرغا دەيدو. قان ئاقاتۇرغان
تومۇرى ھەم بار. قۇرۇق تومۇرنى سىڭىر دەيدو. تېخى
بويىدا: ئەمچەك، كىندىك بار. بويىنىڭ ئىچىدە بار: يۇرەك،
بۆرەك، ئۆپكە، بېغىر، تال، قۇرساق، ئۇچۇگەلەر، دوسۇن،
كارنەي، قىزىل ئۆگەنچەك، كەككىرتەك، بەل.

ميە قابىغى، ئۆگە، كۆز ئويمىنى، بۇرۇن كېمىرچە-
گى، تىش تۇبى، كۆكۇس، مىدە، دولا، ئېلىك، يوغان
ئېلىك، قوش ئېلىك، تىگمەن تېشى، توبۇق، يوتا، ئو-
شۇق، قول، ئالاقان، شاپانچى، ئۆگە، بەل، سۆجە.

### قومۇللۇقنىڭ ئاغرىقلىرى

(ئابدۇللاكا، قومۇل، 1892 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى)

شۇتتە قومۇلدا ھەر نۆچۈك ئاغرىقلار بولادو: نېمىشە
باش ئاغرىدۇغىنىما بار. مەيدە ئاغرىدۇغىنىما بار. مەي-
دىسى ئاغرىپ ئۆلەدو، يەل چانچىپ ئاغرىيدو. تىشىما
ئاغرىيدو. يامان ئاغرىغان تىشنى بىز يۇلۇۋاتىدىمىز.
چېچەك ئاغرىق تولا بولادو. قارا چېچەكما قايسى يىل-
لاردا چىقسا، شۇ گاختا خەق تولا ئۆلەدو. بەزگەك ئاغ-
رىقما بار. كۆز ئاغرىقما تولا بولادو. يىگىتلەرنىڭ چوچاق
ئاغرىغىنىما تولا بولادو. يىرىك ئاققىنىنى سوق دېيدىمىز،
قان ئاققىنىنى ئىسسىق دېيدىمىز. تۇقمىسى شىشىپ (ئىش-
شىپ ـ ن ت) قالغىنىنى بىز بۆرەك ئاغرىقى دېيدىمىز.
ئەدەم تۇقمىسىنى بىز تاش دېيدىمىز. بەدەن ئاغرىغىنىما
بار. خوتۇنلارنىڭ كۆتىدە چىققان ئاغرىقنى ئۇچۇق دې-
دىمىز. باللارنىڭ، چوڭ ئەدەمنىڭ قۇرسىقىما ئاغرىپ
ئىچى يۇرۇپ كېتەدو. ئۆزۈمۈزما يەردىن ماتاۋالغان (كو-
لىۋالغان ـ ن ت) ئوت دورالار بولادو.





### ئادەمنىڭ تېنىنىڭ بايانى

(مېجىت ئاخۇن، تۇرپان، 1891 ـ يىلى
9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى)

ئادەمنىڭ بېشىدىكى نەرسەلەرنىڭ ئېتى شۇدۇر: يىك،
توقۇباق، كۆزنىڭ چانىقى، دىماغ، ئىڭەك، بۇرۇن تۆشۇ-
كى، قۇلاق، قۇلاقنىڭ تۆشۇكى، قۇلاقنىڭ
كۆمۇرچىگى، ميە، تىشلەر. تىشلەرنىڭ
ئارىسىدا بار: ئوتتۇرانچى تىشلەر، ئېغىز
تىشلەر، ئارا تىشلەر، ياستىق گۆش. ئۇس-
تۇنىدە تېخى ئۇستۇن ئىڭەك بار. شۇ ئە-
ڭەكتە بۇدۇرچەك بار. تىلىنىڭ كەينىدە
كىچىك تىل بار. ئادەمنىڭ قولىدىكى
نەرسەلەرنىڭ ئېتى شۇدۇر: تۆش، قوبۇر-
غالار، مۇرە بېشى، دولا، مۇشۇك، جىنەك،
بىلەك، بېغىش، ئۆگەلەر. ئادەمنىڭ ئايە-
غىدىكى نەرسەلەرنىڭ ئېتى شۇدۇر: سۆجە،
يوتا، تىز، لىپەك، قاقشىراق، ئوشۇق،
سوڭ، پۇتئۇزى، ئۇزەڭگىلىك، پۇتئۇچى.
ئادەمنىڭ بويىدىكى نەرسەلەرنىڭ ئېتى





2008.3

**باش ئاغرىغىنىڭ بايانى**

(نايخان، تۇرپان لوگۇچەن، 1892 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى)

باش ئىسسىق سەبەپتىن ئاغرىسا، قىزىل گۈلنى ئىلىۋەر بىرلە يۇسا، يە ئېزىپ ئۇچۇرسە، يە ئېزىپ بېشىغا چاپسا، يە بۇرنىغا تارسسا، باش ئاغرىقى يوقاپ كېتەدو.

ئېگەك تۇشكەنىنىڭ بايانى

گۈلنىڭ سۈيى بىرلە غارغارا قىلسا، ئېگىكى ئورنىغا كەلگەي. ھەر كىم ئاغۇ(ئوغان ـ ت) بەرگەن بولسا، ئادەمنىڭ سۈيدۈگىنى ئۇچۇرسە، دەرھال شىپا تاپۇر. يە ئادەمنىڭ پايتىمىسىنى سۇغا چىلاپ سىقىپ ئۇچۇرسە، شىپا تاپقاي.

**بېغىر، يۈرەكىنىڭ ئاغرىغىنى**

ھەر كىمنىڭ باغرى، يۈرىكى سۇس بولسا، تائامغا ئىشتىھاسى بولماسا، سۈنى تولا ئىچكۈسى كەلسە، ئۇسسىلىغى قانماسا، ئول كىشىنىڭ تىلى يېرىك بوپقالادو، ئۈزى سېرىق بولادو. ئاڭا ئۇجمە غورىسىنىڭ سۈيىنى ئۇچۇرسە، ئاچچىق ئانار سۈيى بەرسە، ساقايادو.

**ئىچى ئۆتكەنىنىڭ بايانى**

ئادەمنىڭ ئىچى سۈرۈپ ئۆتكەن بولسا، سوقتىن بولسا، توخونىڭ تۇقۇمىنىڭ ئېقىنى تۆكۈپ سېرىغىغا بىر دانە جوز(جويۇز ـ ن ت)نى سوقۇپ سېلىپ قوينىڭ قۇرۇق(قۇيرۇق ـ ن ت) يېغى بىرلە قۇيماق قىلىپ يېسە، ئىچى توختار. يەنە زىرىنى، سېرىق كوچىنى، ياڭاق مېغىزىنى سوقۇپ يېسە، ئىچى توختايدو. ئىسسىقتىن ئىچى سۈرسە، ئاچچىق ئانار سۈيى، ئۈزۈم غورىسىنىڭ سۈيى، ئالما سۈيى ئىچسۇن.

**مەزلىم كىشىنىڭ ئاغرىغىنىڭ بايانى**

مەزلىم كىشىنىڭ بەچەدانىدا يەل بولسا، ئىپار، قالاھۇر، بۆرىنىڭ ئۆتى، قارغا ئۆتى، قىزىل قوينىڭ ئۆتى، بارچىنى قوشۇپ شىشەدە ساپ قىلىپ، ئاندىن كېيىن ئېرى بىرلە مۇجامەت قىلسا، پەرزەنت بولۇر. يەنە بەچەدان ئۆرۈلگەن بولسا، ئۆردەك ئۆتى بادام ماغزى بىرلە قوشۇپ شىشەدە ساپ قىلىپ ئاندامىغا قويسۇن، ھەر كۈن

تازا سۈت ئىشسۇن، ھېمىشە ھەيىزدىن پاك بولسۇن. ئاندىن كېيىن غۇسلى قىلىپ ئېرى بىرلە ياتسا، پەرزەنت بولۇر.

ئەگەر بەچەداندا قان كېلىپ قالسا، خولۇنجان، بۆرە ئۆتى، قارا قارغا ئۆتى، بۇلارنى يۇمشاق يانچىپ شىشەگە سېلىپ، ئاندىن سوك ئىشكە باشلاسۇن.

## خوتۇننىڭ كۈچسىزلىگى

خوتۇننىڭ سۈتى سوغالسا، ئۆشكە سۈتىنى كەڭرۈ (كەڭرى ـ ن ت) يۇشۇرۇپ يېسە، قوگگەت (قوۋۇەت ـ ن ت) كەلگەي. ئەگەر كىشى زەر (زەھەر ـ ن ت) بەرگەن بولسا، ئوغلاقنىڭ قېنىنى ئۇچۇرسە، ساقايادو.

## تېبىپنىڭ خېتى

(نايخان، تۇرپان لوگۇچەن، 1892 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى)

تەنچىندىن كەلگەن تېبىپ نايەتتە (ناھايىتى ـ ن ت) ئۇستا. ھەر قايداق ئاغرىققا داگا قىلۇركەن. باش ئاغرىغى، كۆز ئاغرىغى، بۇيۇن ئاغرىغى، بۇرۇگىغا يەل تۇشكەن، ھەر قايداق ئوتتۇز يىل بولغان، مەرەز كېسەلگە، قول ئاغرىغىغا، مۇرە ئاغرىغىغا، ئۇچا ئاغرىغىغا، يۆتەل، پۇت ئاغرىغى، قۇرساق ئاغرىغى، ئىت تىشلەگەن، بۇرۇندىن قان كەلگەن، ئاغزىدىن قان كەلگەن، قوگىدىن قان كەلگەن، تىش ئاغرىغى، قۇلاق ئاغرىغى، بوغۇز ئاغرىغى، گەردەن ئاغرىغى، ھەر قىسما ئاغرىق بولسا، داگا قىلادو. كىچىك بالىنىڭ ئاغرىغىغا ھەم داگا قىلادو. چېچەك چىققاندا، سۈت كېسىلى بولغانغا، ئاغرىق كىچىك بالاغا، كىچىك بالا يۆتەلسە، تاز بولسا، يەنە بۆلەك يارا ئاغرىق بولسا، ئورۇغداپ قالغان بالاغا، ئىچى سۇرۇپ قالغان بالاغا، ئۇسساپ تولا تەشنى بولغان ئاغرىققا، يۇرەك ئاغرىغىغا، بېغىر ئاغرىققا، ئۆپكە ئاغرىققا، ئۇچۇي ئاغرىغىغا، يۇرەك ئاغرىققا، تال ئاغرىققا، پورداققا، ئوتتا كۆيگەن ياراغا، ئۆت توشۇپ كەتكەنگە، ياراقانغا، ئىسسىقاغا، يەنە بۆلەك ئۇششۇققا، سۆزى چىقماغان بالاغا، قان ئالادۇرغان كېسەللەرگە داگا قىلادو؛ باشتىن قان ئالادو، قىرپالدىن قان ئالادۇ، ھجامەت قويادو، سۇرۇل ھەم قويادو. مەزلىم كىشىنىڭ كېسلىنى ھەم بىلەدو. ئەمچەك ئاغرىغى، بىر كىشىگە ئاشىق بولسا، بىر بىردىسىگە كۆيۈپ ساراك بولۇپ مەجنۇن بولۇپ قالسا، يە جىن ئۇچۇراسا، يە چاشقان تىشلەسە، چاچ قارا بولادۇرغانغا، مەزلىم كىشى باش ئاقارماسقا، تۇغۇت ئاغرىغىغا، تۇغۇپ ئېشى (ھەمراھى ـ ن ت) تۇشمەگەنگە، كۆكسى ئىششىغانغا، كۆكسى ئىششىپ تېشىلگەنگە، دېمى تۇتۇلغانغا، چىللە كېسەلگە، ئەر كىشى ئوردادا تاياق يېگەن كېسەلگە، ئىت تىشلەگەن، يولبارس تىشلەگەن، بۆرە تىشلەگەن، چايان چاققانغا، ئېشەك چاققانغا، پۇت، قول، بەل سىقىغانغا، كېكەشكە، جېمى ئاغرىققا داگا قىلادو. بۇ ھۆكۈما تۆرت ئەۋلاد ھۆكۈما ئىكەن. بۇ كىشىما ئۆزى



نايەتتە ئۇستا تېبىپ ئىكەن. ھەر قايداق ئۇلۇق ئوتتۇز، قىرىق يىل بولغان كىسەلگە دارى قىلادۇرغان ئىكەن. ھېچ كېسەل قېچىپ قۇتۇلمايدو. ئۆزى تەنچىلىك ھۆكۈما ئىكەن.

### چىچەك كېسىلى

(مېجىت ئاخۇن، تۇرپان، 1891 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى)

چىچەك دېگەن كېسەل ئىككى يىلدا، ئۈچ يىلدا بىر كېلەر. بۇرۇن كەلگەندە ئەگگىلىدە ئۇششاق باللار تولا ئۆلسە، ئېخرى ياخشى بولار. ئەگگىلىدە تىنچ كەلسە، ئېخىرىسى يامان ئۆلەر. كىچىك باللارغا بۇ چىچەك چىقار گاختا بەش ئالتى كۈن بالدىر بويىنى قىزىتار؛ بويى قىزىپ يەتتى كۈن بولغاندا بىرەبىر كۆرۈنەر. سەككىزىنچى كېچىسى ھەممىسى ئۆرلەپ چىقار. بۇ چىچەك چىققان بالنى قاراڭغۇ يەرگە ئاپكىرىپ كىشى كۆرمەيدۇرغان جايغا ئاپكىرىپ باقۇر. چىچەك چىقىپ ئۈچ كۈن بولغاندا شۇ ئېشىكنىڭ ئايلىغا ئوت يېقىپ قويۇر. ئېنى ئىسرىق دەرلەر. ئۇ ئوتنى كۆرۈپ ئادەملەر بۇ ئۆيگە كىرمەسلەر. بۇ چىچەك كۆرۈنۈپ بەش كۈن بولغاندا سۇغا ئالۇر. يەتتى كۈن بولغاندا چىچەك ئۇي يېغى بولۇر. سەككىزىنچى كېچىسى تۈن يېرىمدا چېكىلەرلەر. بۇ بالاغا ئاندىن ئارام بولۇر. ئون بىر كۈنگەچە قارا قوماش بولۇپ تۆكۈلۈپ ساقايۇر. بۇ چىچەك ئابدان كەلسە، ئون ئىككى كۈندە ساقايۇر، يامالاپ قالسا، بۇ چىچەك ساقايغاندىن كېيىن ئون تۆرت، ئون بەش كۈن بولغاندا بۆلەك يالاڭ چىچەك دەپ بىر چىچەك چىقۇر. بۇ چىچەك چىققاندىن كېيىن ساقايغان بالا ئاجىزلاپ كۈندىن كۈنگە يامان بولار؛ ئېخىر ئون يەتتى كۈن بولغاندا ئۆلەرلەر. بۇ يالاڭ چىچەك چىقسا، ھەر گىز ساقايماس. يامان چىچەك كەلسە، يالاڭ چىچەك تولا بولۇر. شۇ ئۇچۇرىدىن يامان چىچەك دەرلەر.


تۇغۇلۇپ قىرىق كۈن بولغان باللارنىڭ ئون قولىنىڭ مۆرىسىگە پىچاق ئۇرۇپ ئاز ئاز جىراپ ئاپكەلگەن چىچەك تۇقۇمنى يانچىپ خېمىر قىلىپ شۇ بالنىڭ مۆرىسىنىڭ كەسكەن يېرىگە سۇرۇپ تېڭىپ قويار. بۇ چىچەك ئالتى كۈن بولغاندا ئۇنۇپ چىقار. بېرىپ توققۇز كۈندە چېكىلەر. بۇ تېرىغان چىچەك ئوندىن تولا بولماس. ئېنىڭ ئۇچۇن ئۆلمەي باللار ساقايۇر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابلىز ئورخۇن**

2008.3






گۈننار ياررىڭ

*I Kasc[…]*

hjärtat av Central-asien ligger Östturkestan, av kringliggande skyhöga berg väl skyddat för främmande intrång. Inga järnvägar, inga autom[…] ännu mindre flygmask[…] […]t ökenoasernas och […]stä- […] Östturkestan gå[…] liv[…] sin […] utan alla […] […]an köpe[…] […] på om[…] […]ler i m[…] […] taga sin […] […]et säger: a[…] […]orden odla[…] […] […]mpliga redsk[…] basarer-mattorna i p[…] […]a väv-[…]smeder arbeta med out-[…] på sina örhängen och när […] — som man gör i våra da-[…]slåss man med vapen, som […]n till trettioåriga krigets

na eller d[…] ga[…] kla[…]siker[…] […]an skulle b[…] […]ka […] […]de[…] […]a-ga Kitab […] […] De[…] […]as […] k[…] en […]dla[…] […]t[…]stan in på li-vet […] […]rdras […]et, att man ha[…] […] s[…] Och eftersom jag […] till förfogande, slo[…] […]på […] annan väg.

[…]an ko[…] tid efter min ankomst […]schgar blev jag bekant med Ro-ze a[…]n. Denne fullkomlige gentleman kom att bliva min mest värderade affärsvän. Roze achon hade vit turban och borde alltså efter landets lagar vara läskunnig. Men där som här hemma kan ju en och annan individ lyckas sno sig till den vita huvudbonaden utan att ha alltför stora kunskaper. Detta gällde i hög grad om Roze achon, men hans brister i andlig fostran uppvägdes av en medfödd slughet.



بۇ ماقالە، شۋېتسىيىلىك مەشھۇر تۈركولوگ گۇننار ياررىڭ ئەپەندىنىڭ «جەنۇبىي شۋېتسىيە كۈندىلىك خەۋەرلەر گېزىتى»نىڭ 1934 ـ يىلى 22 ـ ئاپرېل سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالە بولۇپ، مەزكۇر ماقالە ھازىر شۋېتسىيە خانلىق كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆككە تاقاشقىدەك ئېگىز ۋە ئەگرى ـ توقاي تاغلىرى بىلەن ئۆزىنى ياۋلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداپ تۇرىدۇ. ئۇ يەرگە تېخى سانائەتنىڭ ئايىغى تەگمىگەن بولۇپ، تۆمۈريول، ماشىنا ۋە ئايروپىلانلار تېخى بۇ چۆللۈكتىكى بوستانلىقنىڭ ۋە كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان شەھەرچىلەرنىڭ ئارامىنى بۇزۇشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. بۇ جايدا ھاياتلىق ئۆز رىتىمى بىلەن تىنچ، خۇشال كەيپىياتتا بەرق ئەتمەكتە ئىدى. كىشىلەر ئەتە نېمە بولار دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويماستىن، سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۇكان تاقىلىپ قالسا دېگەن ئويىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. يىراقنى ياكى كەلگۈسىنى خىيال قىلىش ئۇلارنىڭ زېھنىغا ماس كەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. بۇ خىل ئەھۋال بەلكىم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش شەيتاننىڭ كەينىگە كىرگەنلىك» دېگەن تەمسىلگە ياتىدىغان بىر ئىپادە ئىدى. يەرلىك خەلق دېھقانچىلىق قىلغاندا ناھايىتى كونا ۋە قوپال سايمانلارنى ئىشلىتەتتى. بازاردا بولسا، ئىپتىدائىي توقۇمىچىلىق ئۇسكۇنىلىرى بىلەن گىلەم توقۇغاننى ئۇچراتقىلى بولاتتى، زەرگەرلەر بولسا تۈگمەس ۋە ھارماس كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلەن بازغان سوقماقتا ئىدى، ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى خۇددى بىزنىڭ «ئوتتۇز يىللىق ئۇرۇش» مەزگىلىمىزدە قورال سوققانغا ئوخشايتتى.

ئەينى ۋاقىتتا بارلىق لىرىك ئەسەرلەر مەخسۇس قولىيازمىچىلار تەرىپىدىن قولدا يېزىلىپ قولىيازما قىلىپ تارقىتىلاتتى. ئەينى چاغدا كۆپ ساندىكى خەلق ساۋاتسىز ئىدى، بۇ، باسمىچىلىقنىڭ ئانچە تەرەققىي قىلمىغانلىقىنىڭ بىر سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭدىكى باسمىچىلىق ياۋروپاغا قارىغاندا مۇرەككەپ تارىخقا ئىگە ئىدى. ئۇيغۇرلار ھەر بىر ھەرپىنىڭ تۆت خىل شەكلى بولغان ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقنى قوللانغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى بىلەن تولىمۇ ماس كەلگەن ئىدى، ئۇلار ھازىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىياتىدىن رازى بولۇپ كەلگەن ۋە شۇ ۋەجىدىن ھېچقاچان باسما ماتېرىياللارنى يولغا قويۇشنى ئويلىشىپ باقمىغانىدى. لېكىن ئىستانبۇل ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا بېسىلغان مىخ مەتبەئە كىتابلىرىنىڭ باھاسى يەنە ئاشۇ چىرايلىق يېزىلغان قولىيازمىلاردىن خېلىلا ئۈستۈن تۇراتتى.

مەن مۇشۇ مەزگىلدە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىغا تۈركىي تىللىرىدا يېزىلغان كىتابلارنى توپلاش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغان قەشقەرگە ئاياغ باستىم. بۇ يەردە بېشىغا ئاق سەللە ئورىۋالغان، ساقاللىرى مايلىشىپ كەتكەن مۆھتىرەم كىتابپۇرۇشلاردىن يېڭى خەۋەرلەر ۋە كلاسسىك ئەسەرلەرنى سېتىۋېلىش ئۇنچە ئاسانغا توختايدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇلار پەقەت بېشىنى چايقاپ «كىتاب يوق»لا دەيتتى. ئۇ قوشۇمچە كىتابپۇرۇشلار بىلەن ئالاقە قىلىش ئۈچۈن خېلى ئۇزاق مۇددەت ئالاقە ئورنىتىش كېرەككەن، مېنىڭ بۇ يەردىكى ۋاقتىم قىس بولغاچقا باشقىچە ئامال تاپمىسام بولمايدىغاندەك قىلاتتى.

مەن كىتابپۇرۇشلاردىن روزى ئاخۇن بىلەن خېلى تونۇشۇپ قالدىم. بۇ ئادەم بېشىغا ئاق سەللە ئورىۋالغان كىشى ئىدى. يەرلىكلەرنىڭ قارىشىچە سەللىلىكلەر ئادەتتە باشقىلارغا قارىغاندا بىلىملىك كېلەرمىش، مۇنداقچە ئېيتقاندا سەللە ئىناۋەت، بىلىمنىڭ سىمۋولى ئىكەن. مېنىڭچە ئۇ كىشىنىڭ ھىيلىگەر ۋە قۇۋلىقى ئۇنىڭ بارلىق ئارتۇقچىلىقىنى بېسىپ چۈشەتتى.

روزى ئاخۇن دەسلەپتە ماڭا خوتەندىن (شەرققە جايلاشقان شەھەر بولۇپ قول ھۈنەرۋەنچىلىك شەھىرى دەپ نامى بار) كەلتۈرگەن بىر دانە چەينەكنى سېتىۋېلىشقا زورلىدى. ئاندىن چاي پىيالىسى، سىر، سۇپىتى ناچار بولغان روسىيە گەزمال‌لىرى ۋە بىر جۈپ چەمى ئوڭاي ئاجراپ كېتىدىغان ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن رېزىنكە ئۆتۈك قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىشقا دەۋەت قىلدى. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالدىم، چۈنكى قىشمۇ يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى، بەلكىم ماڭا كېرىكى بولۇپ قالار.

بۇ قېتىملىق كېلىشىم سودىدىن كېيىن روزى ئاخۇن مېنىڭ ئالاھىدە تەلەپلىرىمگە قۇلاق سالىدىغان بولدى. مەن ئۇنىڭغا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق كلاسسىك نامايەندىلىرىنى تېپىپ كېلىشكە ئۆتۈندۈم. بىر نەچچە كۈنگە قالماي روزى ئاخۇن بىر خۇرجۇن كىتاب

كۆتۈرۈپ كەپتۇ. ئۇنىڭدە كەشمىردە يېزىلغان، رەڭلىك مۇقاۋىلىق بىر دانە قۇرئان، «ھۆرلىقا»، «سەنۇبەر» داستانلىرى بولۇپ، روزى ئاخۇن ئۇنىڭدىن ماڭا بىر قانچە مىسرالارنى ئوقۇپ بەردى.

بىر قانچە ئايدىن كېيىن مەنمۇ خېلى ئۇستا باھا تالىشىش ماھىرى بولۇپ قالدىم. شۇنداق قىلىپ ئۆز ۋاقتىدا خەلق ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان نوھ ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلارنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان «پەيغەمبەرلەر قىسسىسى»نى قولغا كەلتۈردۈم. يەنە قەدىمىي تارىخىي كىتابلاردىن ئىسلام ۋە بۇددا دىنى مەزگىلىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى تارىخىي ئۇرۇشلار بايان قىلىنغان كىتابلارغىمۇ ئېرىشتىم. ئەدەبىي كىتابلار بىلەن بىرگە يەنە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك «يامغۇر تىلەش سەنئىتى» ناملىق كىتابنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدىم. گەرچە روزى ئاخۇن بۇ كىتابنى ھەددى ھېسابسىز قىممەت ساتقان بولسىمۇ، بىر ياۋروپالىق يەرلىك خەلقنىڭ ياردىمىسىز بۇ كىتابنى ھەرگىز قولغا كەلتۈرەلمەيتتى. بۇ كىتابتا يامغۇر تىلىگۈچىنىڭ يامغۇر تىلەش ماھارەتلىرى بايان قىلىنغانىدى.

مەن ئېرىشكەن بۇ كىتابلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مېنىڭ ئۇيغۇر تىلى سەۋىيەمنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغانىدى.

*　　*　　*

قەشقەرگە كېلىپ بىر قانچە ئايدىن كېيىن مەن كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم ۋە ھەتتا قىزىتما ھالىتىمدە لوندوندىكى چوڭ چېركاۋنى كۆرگەندەك بولدۇم. كېسەل ۋاقتىمدا روزى ئاخۇن يېنىمغا كەلمىدى، بۇ ماڭا ھەممىدىن ئېغىر كەلگەن ئىش بولدى. چۈنكى روزى ئاخۇندا ماڭا كېرەكلىك بايلىقلار ـ كونا قولىيازمىلار بار ئىدى.

بىر كۈنى يېڭىلا ساقىيىپ تېخى نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرغاندا روزى ئاخۇن ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنىلا پىلدىرلاپ تۇراتتى. ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ماڭا: «ساھىب، كىتاب بار» دېدى.

ئۇنى ئىشىكتىن كىرگۈزمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ بىز يەنە باھا تالىشىشنى باشلىۋەتتۇق. مەن ناھايىتى چارچىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن ئارتۇقچە تالاشقىم يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ سورىغىنىنى بەردىم.

قولىيازمىلار كۈندىن كۈنگە كۆپەيمەكتە ئىدى. لېكىن چۆنتىكىمدىكى ئاقچا بارغانسېرى ئازلاپ بېرىۋاتاتتى. يۇرتۇمغا قايتىدىغان كۈنۈمۇ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى، بۇنى ئويلىغاندا روزى ئاخۇننىڭ خۇشاللىقى بۇزۇلاتتى.

ئەمدى روزى ئاخۇن باھانى تېخىمۇ كۆتۈرگەن بولۇپ، ئۇ مېنىڭ بۇ يەردىكى ۋاقتىمنىڭ ئۇزاق قالمىغانلىقىنى پۇرسەت دەپ بىلگەنىدى.

بىر كۈنى روزى ئاخۇن مۈرىسىگە لىق كىتاب قاچىلانغان بىر خۇرجۇننى ئېسىپ كىرىپ كەلدى. بۇ قېتىم ئۇ ماڭا «ئاسارە ئەتىقىلەر»نى ساتماقچىكەن.

ئۇ خۇرجۇننى ئالدىرىماي يەشتى، ئىچىدىن خەنزۇچە بۆك، ساپال بۇت، بۇددا نومى پارچىسى ۋە باشقا نەرسىلەر چىقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ئىنگلىز بەلبېغى، رۇس ئۇپپىسى، شامدان، ئەينىكى يوق بىر جۈپ كۆزەينەك قاتارلىق نەرسىلەرمۇ بار ئىدى.

مەن روزى ئاخۇنغا جىددىي تۈستە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم. بۇ نەرسىلەرنىڭ مېنىڭ دۆلىتىمدە قاتتىق چەكلەنگەنلىكى، ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملارغا ھېچكىمنىڭ چاقچاق قىلىشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقى ۋە بىلىنسە جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېيتتىم. لېكىن يەنىلا روزى ئاخۇننى قايىل قىلالمىدىم. ئۇ مېنىڭ گەپلىرىمدىن ئازراقمۇ خىجىل بولغاندەكمۇ قىلمايتتى.

بىز يەنىلا قولىيازمىلارغا قايتىپ كەلدۇق. بۇ يازمىلار شۇنچىلىك گۈزەل بولۇپ، ھەرگىز قولدىن چىقىرىپ قويغۇم كەلمەيتتى. لېكىن باھا بۇرۇنقىدىن ئۈچ ھەسسە يۇقىرى ئۆرلىۋالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياقتۇرۇپ قالغىنىم شامان دىنى ھەققىدىكى كىتاب بولۇپ، تۈرلۈك دۇئالار بار ئىدى. مەسىلەن، قانداق قىلىپ ئوغرىلانغان مالنى تېپىش، چىش ئاغرىقىنى توختىتىش، قۇملۇقتىكى يامان ئەرۋاھلاردىن قوغدىنىش توغرىسىدىكى دۇئالار بار ئىدى. كىتابنىڭ تېشى مايلىشىپ كەتكەن بولۇپ، روزى ئاخۇن مەندىن ئون سەر (20 شۋېت پۇلى) تەلەپ قىلدى. يېرىم كۈن تالىشىش ئارقىلىق باھانى مەن تۆت سەرگە كۆتۈردۈم، روزى ئاخۇن بولسا توققۇز سەرگە چۈشۈردى. مەن كەسكىن قىلىپ بەش سەردىن ئارتۇق باھانى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. چۈنكى مال سېتىۋالغۇچى مال ساتقۇچىنىڭ قويغان باھاسىنىڭ يېرىمىدىن يۇقىرى باھاغا سېتىۋالسا، ئۇ كىشى سەل ناباپ سانىلاتتى (بۇ يەردە ياۋروپالىقلارنىڭ ئادىتى ساقىت قىلىندى).

روزى ئاخۇن كېيىن يەنە كەلدى ۋە بىز يەنە شۇ

كىتاب توغرۇلۇق دەتالاش قىلدۇق. نەتىجىدە روزى ئاخۇن باھانىڭ چوقۇم توققۇز سەردىن تۆۋەن بولمايدىغانلىقىنى بىلدۇردى. مەن سەل ئىككىلىنىپ قالدىم.

بۇ چاغدا بۇ ھەييار سودىگەر ماڭا مال ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئەقىلنى كۆرسەتتى. ئۇ ھالدا ھەر ئىككىيلەنگىلا نەپ كېلىدىغان ياغىدەك ئىش بولاتتى. ئۆز نۆۋىتىدە روزى ئاخۇننىڭ شۆبىتچە گېزىتلەرنى ئالغۇسى بار ئىكەن.

مېنىڭ يېنىمدا جەنۇبىي شۆبىتسىيە كۈندىلىك خەۋەرلەر گېزىتىنىڭ بىر قانچە ئاي بۇرۇنقى كونا سانلىرى بار بولۇپ، ھازىر قارىغاندا ئۇ گېزىتلەر قىممىتىنى تاپقاندەك قىلاتتى. مەن بىر يۈگەم گېزىتنى ئېلىپ بۇنى قولىيازمىلار بىلەن ئالماشتۇرماقچى بولدۇم. لېكىن روزى ئاخۇننىڭ كۆڭلىدە يەنە باشقا جىن بار ئىكەنتۇق. ئۇ مېنىڭ قولىيازمىلارغا ئېرىشىشىم ئۈچۈن بەش سەر پۇل تۆلىشىم كېرەكلىكى ۋە يەنە ئۇنىڭغا قوشۇپ مۇنۇ گېزىتلەرنى ئۇنىڭغا بېرىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

مەن روزى ئاخۇننىڭ بۇ گېزىتلەرنى نېمىگە كېرەك قىلىدىغانلىقىنى ھېچ ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىدىم. قارىغاندا ئۇ كىشى گېزىتنىڭ مەزمۇنىدىن بەكرەك ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قىزىققاندەك قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ مەن ئاخىر يەنە بىرئاز تالىشىپ ئىككى سەر پۇلغا بىر كىلو شۆبىتچە گېزىتنى قوشۇپ قولىيازمىلارنى تېگىشىشكە ماقۇل بولدۇم.

بۇ خىل ئالماشتۇرۇش كېيىنكى قېتىملاردا يەنە داۋاملاشتى. يېنىمدىكى گېزىتلەرمۇ تۈگەپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا مېنىڭ پوچتىلىرىم روسىيە پوچتا ئىدارىسىدا بىسىلىپ قېلىۋاتاتتى، مېنىڭ قولۇمغا تەگكىنى پەقەت لۈند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ژۇرنىلىدىنلا ئىبارەت ئىدى. بۇ ژۇرنالمۇ روسىيە ۋە جۇڭگو تەرەپتىن قاتتىق تەكشۈرۈلۈپ، بىر قانچە يېرىگە ئېچىپ كۆرۈلگەنلىك تامغىلىرى ئۇرۇلغانىدى. لېكىن روزى ئاخۇن بۇ ژۇرنالنى ئېلىشنى خالىمىدى.

ئەينى چاغدا قەشقەردە گەرچە تېلېفون بولمىسىمۇ، لېكىن ھەممىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغىلى بولاتتى. كېيىن بىلدىمكى، روزى ئاخۇن ئۇ گېزىتلەرنى پەلتو تىكىدىغان بىر فابرىكىغا ساتقان ئىكەن. يەرلىك خەلق قىش كۈنلىرىدە ئاياغنى يىپىپ تۇرىدىغان، ئۇزۇن پاختىلىق تون كىيىدىغان بولۇپ، گېزىتنى توننىڭ دۈمبە قىسمىغا پاختا بىلەن ئەستەرنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تىكۋەتكەندە ئۇ سوغۇقنى توسۇپلا قالماي يەنە تونمۇ قېلىپتا قۇيغاندەك تەكشى سۇپەتلىك چىقاتتى. بۇ خۇددى شۆبىتسىيىدە بىز ئاياغنىڭ ئىچىگە ياغاچ قېلىپ سالغاندەكلا ئىش ئىدى.




سەنۇبەر داستانى


بسم الله الرحمن الرحيم

| | |
|---|---|
| الهی واحد رب التعالی | هو الله البدیع الحق الاعلی |
| تعالی ذاته لما تجلی | من الغیب الی العین تجلی |
| احد دور ذاتی مستجمع صفات | تجلی ذاتیغه اسماسی مجلی |
| مقدس دور جلالی کبریاسی | کمالی سلطانیده شانی جلی |
| کمالیغه بو موجودات ایات | جمالیغه دعا العالمین مجلی |
| چون اولدور عالم وغیب شهادت | پس اولدور قادر و خلاق مولی |
| تجرده همه اوهام وانهسام | اینینک درکاهی عزتده تعالی |
| جمع کائنا قیلدی ابداع | دلائل قیلدی ذاتیغه معلی |
| اینینک دور نظر عزت اولوغ رتبا | اینینک دور غیب وعین اخری اولی |

قەشقەردىن ئايرىلىدىغان كۈنۈم كېلىپ قالغانىدى، مەنمۇ كارۋانغا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق يول تەييارلىقلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدىم. ئىشىك تۇۋىدە روزى ئاخۇننى كۆرۈپ قالدىم، بۇ قېتىم ئۇ قۇرۇق قول كەلگەن بولۇپ، خۇرجۇنى كۆرۈنمەيتتى. لېكىن ئۇ ئەڭگە شۋېتچە گېزىت ئېلىنغان بىر يېڭى پاختىلىق تون كىيىۋالغانىدى.


مەن ئاتقا مىنىپ روزى ئاخۇن ۋە قەشقەر بىلەن ئەڭ ئاخىرقى خوشلىشىش مىنۇتلىرىدا، روزى ئاخۇن قويىنىدىن بىر قولىيازمىنى چىقىرىپ ماڭا سۇندى ۋە «بۇ ئون بەش سەر» دېدى. مەن بۇ كىشىنىڭ ئېزىقتۇرۇ-شىغا يەنە چىداپ تۇرالمىدىم ۋە يولدا ئۇقارمەن دېگەن نىيەتتە ئۇنىڭغا بەش سەر باھا قويۇپ يولغا ئاتلاندىم. روزى ئاخۇن ئارقامدىن ئەگىشىپ تاكى شەھەر دەرۋازىسىغىچە بىللە كەلدى ۋە مېنىڭ يېرىم باھا بېرىپ بۇ سودىدا كېلىشىپ قېلىشىمىزنى ئېيتتى. بۇ چاغدا بىردىنلا خىيالىمغا چامادانىمدىكى روزى ئاخۇن-دىن ئەڭ دەسلەپتە سېتىۋالغان رېزىنكە ئۆتۈك كەلدى، شۇنداق قىلىپ مەن قولىيازمىلارنى چامادانىمغا سالدىم، بىر جۈپ رېزىنكە ئۆتۈك يەنە روزى ئا-خۇننىڭ قولىغا قايتىپ كەلدى.

* * *


شۇ كۈنى كەچتە مەن قەشقەردىن يىراقلىشىپ 14 كۈنلۈك سەپەرنى، يەنى پامىردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ روسىيە تەرەپكە يۈرۈشنى باشلىدىم. روزى ئاخۇنمۇ مەن بىلەن بىر ۋاقىتتا قەشقەردىن ئايرىلغانى-دى. ئۇ يېڭى سېتىۋالغان ئېشىكىگە مىنى-گىنىچە ماڭا قارشى يۆنىلىشكە يەنى شەرققە قاراپ يول ئالغانىدى. روزى ئا-خۇن يولبويى چۆلگە جايلاشقان ئەج-دادلارنىڭ قەبرىلىرىنى تاۋاپ قىلىپ ماڭىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە ئۇ ئاللا ئالدىدا گۇناھىنى تونۇشى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئۇ مەندەك بىر ئىسلام دىنى مۇرتى بولمىغان بىر بەندىگە كىتاب ساتقان-دا«بسمللاھ» دەپ قويۇپلا سېتىۋەر-دى، بىر قانچە قېتىم قۇرئاننى سىڭا قولى بىلەن ياكى سول قولى بىلەن تۇتۇپ سالدى. ئۇ قەبرە بېشىدا قىلغان دۇئالىرى بىلەن ئاللانىڭ كەچۈرۈشىگە ئېرىشە-لىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. گەرچە ئۇ مېنى قاقتى-سوقتى قىلىپ مەندىن نۇرغۇن پۇل ئۇندۇرۇۋالغان ۋە مەن تەمىنلىگەن شۋېتچە گېزىتلەردىن كۆپ پۇل تېپىۋالغان بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئۇنىڭ مەككىگە قىلغان بۇ ئۇلۇغ سەپىرىگە مەدەت تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭ ھاجى بولۇپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.


شۋېتچىدىن **زۇلھايات ئۆتكۈر** تەرجىمسى

















ئىدىقۇت تېغى



قاناس مەنزىرىسى



توز ئۇسسۇلى

# مىراس

# 美拉斯

# MIRAS


主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联 14 层)电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I
国外统一刊号:ISSN1004—3829
代号:58-60 广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
邮编:830001 定价:5.00 元
CHINA NATIONAL PRBLICATIONS
IMORT&EXPORT(GPOUP)CORPORATION.EXPORT DEPT.
16Gongti E.Road,Chaoyyang District,P.O.Box88,Beijing 100020,PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: 0991- 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58 باھاسى: 5.00 يۈەن
E- mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى: 6500006000040